# شرح أصول الإيمان

(نبذة في العقيدة)

فضيلة الشيخ العلامة محمد صالح العثيمين رحمه الله

المترجم: ن . تمكيني

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

**ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين**

**(الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ن. تەمكىنى**

**ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى**

**ئالاقىلىشىش ئادرىسى:**

www.munber.org
Email: munber@munber.org

ئىككىنچى نەشرى

**2006** - يىلى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.................................................... 4
شەيخ ئۇسەيمىيىننىڭ قىسقىچە ھاياتى ........................ 6
ئىسلام دىنى ................................................ 13
ئىسلامنىڭ ئاساسى.......................................... 22
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى ........................... 28
ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش.............................. 31
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ............................. 61
كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش.................................. 71
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ........................... 74
الله نىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش........................ 125
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نىشانلىرى ........................... 147

# كىرىش سۆز

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا ھەمدۇسانا، شۇكۇر رەھمەتلەر ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد - سالاملار يوللىغاندىن كېيىن، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر سەمىگە تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى كۆردۇم.

ئەرەب ۋە باشقا تىللاردىن بولۇپ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىغا 40، 50 پارچە دىنىي كىتاب تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇلار ئاساسەن خەلقىمىزنىڭ دىنىي ماتىرىياللارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ مۇئەييەن تەرەپلىرىنى قاندۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى دىنى ماتىرىياللاردىن تامامەن دېگۈدەك ئايرىلىپ قالغان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۇن پارچىلىغان كىتابلار بىلەن ئەمەس، مىڭلىغان كىتابلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ۋاھالەنكى، ۋەتىنىمىزدە بىر قىسىم مۆتىۋەرلىرىمىز، تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ قەيەردە، كىملەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، قايسى دۆلەتتىن كەلگەنلىكىگە قاراپ باشقىلارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۇردى ياكى توسۇپ كەلدى. خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلارنىڭ تەرجىمىلىرىنى "ۋەھھابىلار" نىڭ كىتابلىرى دەپ قاراپ، ئۇنى ئوقۇشتىن توسقان بولدى. بىز بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەردىن شۇنى

ئۆتۈنىمىزكى، بۇ ۋە باشقا كىتابلارنى شۇ كىشىلەر ”خاتا“ لىق تەرىپىگە چىقارغاندا، ئايەت، ھەدىس ياكى شەرىئەتنىڭ قايسى ئەھكامىغا زىت ياكى توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشى.

بىز، قولىمىزدىكى ”ئىماننىڭ ئاساسلىرى“ ناملىق بۇ كىتابچىنى ئەقىدە بابىدا ساغلام مەنبەلەرگە تايانغان ھالدا يېزىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى كىتابچە دەپ قارايمىز. چۈنكى، بۇ كىتابچىدا قىسقىچە شەرھلەنگەن ئىماننىڭ ئاساسلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە تايىنىپ تۈزۈلۈپ يازغان بولۇپ، ئاددى، چۈشىنىشلىك قىلىپ كىتابخانلارغا سونۇلغان. بىزنىڭ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسىتىمىز ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ۋەھھابى ياكى پالانى، پوكۇنلارنىڭ ئىدىيىسىگە خىزمەت قىلىش ئەمەس. بەلكى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھىغا ئۇيغۇن، ساغلام ئەقىدىلەر بىلەن خەلقىمىزنى ۋاقىپلاندۇرۇش.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن يولىۇرۇقلىرى بويىچە مېڭىشقا، ساغلام ئەقىدە، توغرا شەرئىي ئەھكاملارغا ئۇيغۇن ھايات كەچۈرۈشىمىزگە مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئامىن!!!

تەرجىمان

# شەيخ ئۇسەيمىيننىڭ قىسقىچە ھاياتى[1]

**نەسەبى:**

ئۇ ئىمام، ئەللامە، فەقىھ ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىين ئەلمۇقبىل ئەلۋۇھەيبى ئەتتەمىيمي.

**ھاياتى:**

ئەللامە ئەبۇ ئابدۇللاھ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىم رايونىغا قاراشلىق ئۇنەيزە شەھرىدە ھىجرىيە 1347 ـ يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى دىن ۋە دىيانەتتە ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

شەيخ ئەبۇ ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى سۇلايمان ئال دامىغدا تەلىم ئالغان. ئۇنىڭدا قۇرئاننى يادلىغان ۋە خەت يېزىش، ھېساب، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلىملىرىنىمۇ ئۆگەنگەن.

ئاللاھ شەيخقا ھۇشيارلىق ۋە ئىلىم ئېلىش قىزغىنلىقى ئاتا قىلغان. شەيخ ئابدۇرراھمان ئەسسەئدىي باشلىق نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ھوزۇرىدا دەرس ئوقۇغان. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رىيادتىن باشقا جايلارغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلمىغان. ئۇنىڭ رىيادقا كېلىپ ئوقۇشى ھىجرىيە 1372 ـ

---

[1] http://www.munber.org/useymin.asp

يىلى ئىلمىي ئىنىستىتوتلار ئېچىلغاندىن كېيىن تۇغرا كېلىدۇ.

ئۇ ھىجرىيە 1421 ـ يىلى 15 ـ شەۋۋال (مىلادىيە 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناماز شامدىن كېيىن جىددە شەھرىدە ۋاپات بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (چارشەنبە) ئەسىر نامىزىدا مەككە مۇكەررەمەدە نامىزى چۈشۈرۈلدى.

### ئىلمىي ھاياتى:

ئۇستازى ئابدۇرراھمان ئەسسەئدى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن ئۇستازىنىڭ جامىئىل كەبىر دەپ ئاتالغان مەسجىدىگە ئىماملىققا تەيىنلەنگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇستازىنىڭ ئورنىدا دەرس ئۆتۈشنى باشلىۋەتكەن. ئۇ يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى پەقەت ھىجرىيە 1382 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «فتح رب البرية بتلخيص الحموية»ناملىق كىتابى ئارقىلىق باشلىغان. (بۇ ئىبنى تەيمىييەنىڭ الحموية في العقيدة دېگەن كىتابىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى)

شەيخ رىيادتىكى شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازدا سەھىھۇلبۇخارى، ئىبنى تەيمىييەنىڭ رىسالىلىرى ۋە بىر قىسىم فىقھى كىتابلارنى ئوقۇغان.

### ئۇنىڭ ئۇستازلىرى:

ئەللامــە ئىبنــى بازنىــڭ ئۇســتازى ئابــدۇرراھمان ئىبنــى ناسىر ئەسسەئدى

شەيخ مۇھەممەد ئەلئەمىين ئەششەنقىيتى

شەيخ ئەلىي ئىبنى ھەمەد ئەسسالىھى

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەلمۇتەۋۋەئ

شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلىي ئەۋدان

شەيخ ئابدۇررھمان ئىبنى سۇلايمان ئال دامىغ

شەرئىي مەسىلىلەردە تۇتقان يولى:

ئــۇ ئۆزىنىـــڭ شـــەرئىي مەســـىلىلەردىكى مەيـــدانىنىڭ ئۇستازى ئابدۇرراھمان ئىبنى سەئدىنىڭ تۇتقان يولى بويىچە ئىكەنلىكىنى بىر نەچچە قېتىم تەكىتلىگەن. ئابدۇرراھمان ئىبنى سەئدىنىڭ تۇتقان يولى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كۆپىنچە ئۆلىمالار تۇتقان يولغا ئوخشىمايتتى. شاخچە (فەرئىي) مەسىلىلەردە ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي ئەھكاملىرىغا تايىنىپ (زادۇل مۇستەقنىئ ناملىق كىتابنى ئاساس قىلىپ) تورۇپ ھۆكۈم چىقىراتتى. ئابدۇرراھمان ئىبنى سەئدى نۇرغۇن مەسىلىلەردە ھەنبەلىي مەزھىبنى ئاساس قىلمايدىغانلىقى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر ئىدى.

شەيخ سەئدى كۆپىنچە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئىبنۇل قەييۇمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ ئۈستىگە قۇياتتى. ئۇنىڭدا مۇئەييەن

مەزھەبكە باغلىنىپ قېلىش قاتماللىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەت قەيەردە بولسا، شۇ يەردىن ئېلىش روھىي شاگىرتى ئىبنى ئۇسەيمىنگە يۆتكەلگەن ئىدى.

شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى **50** پارچىدىن ئاشقان. ئاللاھ ئۇنىڭ شۇ خىزمەتلىرىگە ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا ئەجىر ئاتا قىلغاي!

ئا. قارلۇقى

بسم الله الرحمن الرحيم

پۈتۈن ھەمدۇسانا ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز جانابى ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئۇ زاتتىن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا ياردەم سورايمىز ۋە تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تىلەش بىلەن بىرگە ئۇ زاتتىن نەپسىمىزنىڭ يامانلىقى ۋە ناچار قىلمىشلىرىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز!

ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى، ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر. شېرىكسىز بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەققەتپەرۋەر ساھابىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ياردىمى بولسۇن.

تەۋھىد ئىلمى - ئىلىملارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە بۈيۈكى شۇنداقلا، ئۇنى ئىگەللەش ۋە بىلىش ئەڭ زۆرۈر دەپ قارىلىدىغان ئىلىملاردىندۇر. چۈنكى، بۇ ئىلىم ئۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى، بەندىلەر ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەقلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇ ئىلىم بولسا ئاللاھقا يۈزلىنىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە شەرىئەتنىڭ نېگىزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلەر تەۋھىد چاقىرىقىدا ئورتاقلىققا ئىگىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٢٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.﴾[1]

ئاللاھ ئۆزىنىڭ شېرىكى يوق بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى، ھەمدە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۇ زاتنىڭ تەنھالىقىغا گۇۋاھلىق بەردى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَأُوْلُواْ ٱلۡعِلۡمِ قَآئِمَۢا بِٱلۡقِسۡطِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت

پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى بۇ دەرىجىدە مۇھىم بولغان ئىكەن، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆز دىنىنى تەۋھىدنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن بەختكە ئېرىشىدىغان ساغلام، خاتىرجەملىك ۋە ئىتائەت ئاساسىغا بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەپەككۇر، ئېتىقاد نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن باشقا دىنلارغا خاتىمە بېرىلدى ۋە بەندىلىرى ئۈچۈن بۇرۇنقى دىنلارنى تولۇقلىدى ۋە ئۇ دىن بىلەن نېمەتلىرىنى تاماملىدى. ئىنسانلار ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى دىن قىلىپ بېكىتتى، ھەرقانداق ئىنساندىن ئىسلامدىن باشقا دىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَـٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٤٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە الله غا مەخپىي ئەمەس).﴾[1]

[1] ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ ﴾

**تەرجىمىسى:** ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1]

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ ﴾

**تەرجىمىسى:** ﴿ھەقىقەتەن اللە نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.﴾[2]

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٨٥ ﴾

(1) مائىدە سۈرىسى 3 - ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 19 – ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾[1]

ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىسلام دىنى بىلەن ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلىپ دېدى:

﴿ قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِىِّ ٱلْأُمِّىِّ ٱلَّذِى يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَـٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥٨﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، الله غا ۋە ئۇنىڭ الله غا ۋە الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

ئۈممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ››.﴾[1]

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: ھەدىسنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«والذي نفس محمد بيده لا يسمع بي أحد من هذه الأمة يهودي ولا نصراني، ثم يموت ولم يؤمن بالذي أرسلت به إلا كان من أصحاب النار»

تەرجىمىسى: ‹‹ مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۈممەت ئىچىدىن ھەرقانداق كىشى، يەھۇدىي ۋە ياكى ناسارا بولسۇن، مەن ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەن ھالەتتە ئۆلۈدىكەن، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. ››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈش يالغۇز تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى دىل بىلەن تەستىقلاش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ تالىب، ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلارغا قارىغاندا ئەڭ گۈزەل دىن ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر

[1] ئەئراف سۈرىسى 158– ئايەت.

ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسىلەرنى ”ھەقىقەت“ دەپ ئېتىراپ قىلغان تۇرۇغلۇق مۇسۇلمان بولالمىدى.

ئىسلام دىنى، ساماۋىي دىنلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمتىيازلارنى ئۆز دائىرىسىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇ دىنلاردىن زامان، ماكان ۋە ھەر قانداق ئۈممەتنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىش بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

﴿ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىركى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.﴾[1]

ئىسلام دىنىنى، زامان، ماكان ۋە ھەر قانداق ئۈممەتنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدۇ، دېگىنىمىز: ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ھېچقانداق بىر خەلقنىڭ قەيەردە ۋە قايسى ۋاقىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت

[1] مائىدە سۈرىسى 48 – ئايەت.

كەلمەستىن، بەلكى ئۇلار ئۇچۇن پايدىلىق بولغانلىقى ئۇچۇندۇر. بەزى ئىنسانلارنىڭ چۈشەنگىنىدەك، ئۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ياشاۋاتقانلارنىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەستۇر. ئىسلام دىنى ھەق دىن بولۇپ، كىمكى ئۇ دىنغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋە دىن دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ئۇنى غالىب قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ ۝٩ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسۡتَخۡلِفَنَّهُمۡ فِى ٱلۡأَرۡضِ كَمَا ٱسۡتَخۡلَفَ ٱلَّذِينَ مِن

[1] سەف سۈرىسى 9 ـئايەت.

قَبۡلِهِمۡ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمۡ دِينَهُمُ ٱلَّذِي ٱرۡتَضَىٰ لَهُمۡ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعۡدِ خَوۡفِهِمۡ أَمۡنٗاۚ يَعۡبُدُونَنِي لَا يُشۡرِكُونَ بِي شَيۡـٔٗاۚ وَمَن كَفَرَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٥٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.﴾[1]

ئىسلام دىنى: مۇكەممەل ئەقىدە سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۆۋەندە بىز بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر نەچچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

1. ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە چاقىرىپ شېرىك كەلتۈرۈشتىن چەكلەيدۇ.

---

[1] نۇر سۈرىسى55 – ئايەت.

2. ئىسلام دىنى راستچىللىققا چاقىرىپ، يالغانچىلىقتىن چەكلەيدۇ.

3. ئىسلام دىنى ئادالەتكە چاقىرىپ، زۇلۇمدىن چەكلەيدۇ.

4. ئىسلام دىنى ئىشەنچىلىك بولۇشقا چاقىرىپ، خىيانەتتىن چەكلەيدۇ.

5. ئىسلام دىنى ۋاپادارلىققا چاقىرىپ، ئاسىيلىقتىن چەكلەيدۇ.

6. ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇلارنى قاخشىتىشتىن چەكلەيدۇ.

7. ئىسلام دىنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇشتىن چەكلەيدۇ.

8. ئىسلام دىنى خۇلۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇلارغا يامانلىق قىلىشتىن چەكلەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە تەۋسىيە قىلىپ، ھەرقانداق پەسكەش، رەزىل قىلمىشلاردىن توسۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرۇپ، ئىنساني ئەخلاققا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن توسىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿٩٠﴾ ﴾

﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.﴾[1]

[1] نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت.

## ئىسلامنىڭ ئاساسى

ئىسلامنىڭ ئاساسى مەزكۇر بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بُنِيَ الإِسَلامُ على خَمْسٍ: شَهادَةِ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، وأَنَّ مُحمداً رسولُ اللَّهِ، وإِقامِ الصَّلاةِ، وَإِيتاءِ الزَّكاةِ، وَحَجِّ البَيْتِ، وَصَوْمِ رَمَضانَ» متفقٌ عليه.

تەرجىمىسى: «ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى، ئاللاھنى يېگانە دەپ بىلىش، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى تولۇق ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە پەرز ھەجنى ئادا قىلىش.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

1- "أَشْهَدُ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، وأَنَّ مُحمداً رسولُ اللَّهِ"

دەپ شاھادەت ئېيتىش: تىل بىلەن سۆزلەش، قەلبىدە جەزىملەشتۈرۈش، مانا بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە شاھىتتۇر. بۇ شاھادەت، بىر نەچچە ئىسپاتنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە نوقتىلىق ئاساسلارنىڭ بىرسى قىلىپ بېكىتىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دىن يەتكۈزگۈچى، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ''بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىلاھ يوق''دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنى تولۇقلايدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىندۇر. چۈنكى بۇ ئىككى شاھادەت ئەمەللەرنىڭ ساغلام ۋە قوبۇل بولۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، ئەمەللەرنىڭ ساغلام ۋە قوبۇل بولۇشى ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئىخلاسى بىلەن روياپقا چىقسا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ مەخلۇقلارغا قۇل بولۇشتىن ۋە پەيغەمبەرلەردىن باشقىلارغا ئەگىشىشتىن ئۇزاق بولۇشى بۇ ئۇلۇغ شاھادەتنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

2 ـ نامازنى ئادا قىلىش: نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، تەرتىب ئەركانلىرى بىلەن دائىم ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى نامايەن قىلىش دېمەكتۇر.

نامازنىڭ نەتىجىلىرى: ئىنسانىنىڭ قەلبىنىڭ ئازادە بولۇشى، ئىبادەتكە قىزغىن بولۇشى، شۇنداقلا گۇناھ ـــ مەسىيەتتىن چەكلىنىپ قېلىشى نامازنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر.

3 ـ زاكـات بېـرىش بـىـر خـىـل ئىقتىسـادىي ۋاسـىتە ئـارقىلىق قىلىنىـدىغان ئىبادەت بولۇپ: پۇل ـ مال نىسابىغا يەتكەنـدە، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە هەر يىلى زاكـات ئـايرىش بىلـەن ئاللاهقـا بولغـان قـۇلچىلىقنى ئىزهـار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

زاكاتنىـڭ نـەتىجىلىرى: ئىنسـان زاكـات ئايرىشـتىن ئىبـارەت بـۇ ئىبـادەت ئـارقىلىق، نەپسـىنى رەزىـل ئـەخلاق، بېخىللىـق، هەسـەت ۋە كۆرەلمەسـلىككە ئوخشـىغان ناچـار ئىللەتلـەردىن پـاكلاش بىلـەن، ئىسـلام ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ئېهتىياجىنى تولۇقلايدۇ.

4 ـ رامىــزان ئېيىنىــڭ روزىســىنى تۇتــۇش: رامىــزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە روزىنى بۇزىدىغان هەرقانداق ئامىللاردىن چەكلىنىش بىلـەن ئاللاهقـا بولغـان قـۇلچىلىقنى ئـادا قىلىـش دېمەكتۇر.

رامىزاننىڭ نەتىجىلىرى: ئاللاهنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ، ئـۆزى ياخشـى كۆرىـدىغان نەرسـىلەرنى ئىسـتېمال قىلىشـتىن چەكلىنىش ئارقىلىق نەپسىنى چېنىقتۇرۇشتىن ئىبارەت.

5 ـ هـەج قىلىـش: هـەج پـائالىيەتلىرىنى ئـادا قىلىـش مەقسـىتىدە كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاهقا ئىبادەت قىلىشتۇر.

هـەجنىڭ نـەتىجىلىرى: هـەج قىلىـش ئاللاهقـا ئىتائـەت قىلىش يولىدا ماددىي ۋە جىسمانىي كۈچلەرنى سەرپ قىلىش

ئۇچۇن ئۆز نەپسىنى چېنىقتۇرۇش بولغاچقا بۇ ئىبادەت، ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىهادلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە ياكى قىلىنمىغىنى بولسۇن، ئاللاھ ئۇچۇن ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىدىغان، مەخلۇقلار ئارىسىدا ئادالەت ۋە راستچىللىق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان، پاك ئىسلام ئۇممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىسلامنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرى، يۇقىرىدىكى ئاساسلارنىڭ توغرا بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى دىنىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا باغلىقتۇر. جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يوقلىشى دىني ئىشلىرىنى ياخشىلىمىغانلىقىغا قاراپ بولىدۇ.

كىمكى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى تەپسىلىي چۈشىنىشىنى خالىسا تۆۋەندىكى بۇ ئايەتنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسۇن.

﴿ وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوْاْ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَٰتٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذْنَٰهُم بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٩٦﴾ أَفَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا بَيَٰتًا وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿٩٧﴾ أَوَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم

بَأۡسُنَا ضُحٗى وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ﴿٩٨﴾ أَفَأَمِنُواْ مَكۡرَ ٱللَّهِۚ فَلَا يَأۡمَنُ مَكۡرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٩٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ــ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكارقىلدىغان) شەھەرلەر نىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟ شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ـ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟ ئۇلار الله نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا الله نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا الله نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ.﴾[1]

يۇقىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىلمەكچى بولغان كىشى ئۆتمۈش تارىخقا نەزەر سالسۇن، ئەقلى ۋە قەلبى پەردىلەر بىلەن توسالمىغانلار ئۇچۇن بۇيۇك ئۆتمۈشتە ئىبرەتلەر بار،

[1] ئەئراف سۈرىسى 96 ــ 99 - ئايەتلەر.

ھەقىقـەتنى بىلىـش يولىـدا ئـاللاھ ھەممىمىزگـە يـاردەمچى بولسۇن!

# ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىغا بىرەرقۇر ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ھېسابلىنىدىغان مۇھىم نوقتىلارنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئەمدى ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىرى توغرىسىدا تۆۋەندە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. ئۇ بولسا ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ئاساسلارنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەر ئىسپاتلىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَّيْسَ ٱلْبِرَّ أَن تُوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةِ وَٱلْكِتَـٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.﴾[1]

تەقدىر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ ﴿٤٩﴾ وَمَا أَمْرُنَا إِلَّا وَاحِدَةٌ كَلَمْحٍ بِالْبَصَرِ ﴿٥٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق (بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ).﴾[2]

ھەدىس شەرىپتە بايان قىلىنىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب قىلىپ:

«تُؤْمِن بِاللّٰهِ وملائِكَتِهِ، وكُتُبِهِ ورُسُلِهِ، والْيومِ الآخِرِ، وتُؤمِنَ بالْقَدَرِ خَيْرِهِ وشَرِّهِ»

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 177 - ئايەت.
[2] قەمەر سۈرىسى 49 50 - ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «ئىمان بولسا ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، قازا ـ قەدەر، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولۇشىغا ئىشىنىشى بىلەن بولىدۇ، دېگەن. [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

## ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق تۆت نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### بىرىنچى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى فىترەت (تەبىئەت)، ئەقىل، شەرىئەت ۋە ھېس ئىسپاتلايدۇ.

مۇلاھىزە: ئۆلىمالار ”ئەلفىترە“ دېگەن سۆزگە ”ئىسلام“ مەنىسىنى بېرىپ شەرھىلىگەن، چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدە تۇغما خاراكتېرلىق ياراتقۇچىغا بولغان مايىللىق بار.

*1 - ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىمان تەبىئىتىنىڭ ئىسپاتى*

ھەرقانداق ئىنسان تۇغۇلغاندىن كېيىن پىكىر ۋە تەلىم بېرىلمىگەن بولسا ئىدى ئۆز ياراتقۇچىسىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن تەبىئەتلەنگەن بولاتتى. بۇتەبىئەتتىن (ئىسلامدىن) يىراقلاشتۇرىدىغان ئامىللارنىڭ قەلبىگە ئورنىغانلىقى سەۋەبى بىلەن يىراقلىشىشى مۇمكىن. خۇددى پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك:

«ما من مولود يولد على الفطرة، فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه»

تەرجىمىسى: «ھەرقانداق بىر بوۋاق ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى، يا يەھودىي ياكى خرىستىئان ۋە ياكى مەجۇسى قىلىپ تەربىيلەپ چىقىدۇ.» [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى]

### 2 ـ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئەقلنىڭ ئىسپاتى

ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مەخلۇقاتلارنىڭ چوقۇم ياراتقۇچىسى، يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگۈچى زات بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى يارىتىشى ياكى تاسادىپىي يارىتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى يارىتالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار يارىتىلىشىدىن ئىلگىرى يوق ئىدى. ئۇنداق بولغانكەن، ئۇ قانداقمۇ ياراتقۇچى بولالىسۇن؟! مەخلۇقلارنىڭ تاسادىپىي ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق بىر ۋەقەلىكنىڭ سادىر قىلغۇچىسى بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ بۇ گۈزەل قانۇن بولۇشى، سەۋەبلەر ۋە سەۋەبلەندۈرۈلگەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچەس باغلانغان ئالاقە ۋە سىستېمىلىق بىرلىشىشلارنىڭ مەۋجۇدلىقى، مەخلۇقاتلارنىڭ تاسادىپىي ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلىدۇ.

ئەگەر مەخلۇقاتلار تاسادىپىي، سىستېمىسىز ۋە تەرتىپسىز پەيدا بولسا ئۇ قانداق بولۇپ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا سىستېمىلىق ھايات كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدى؟! دېمەك، بۇ مەخلۇقاتلار ئۆزلىرىنى ـ ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمىگەن ياكى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ

قالمىغان ئىكەن. ئۇنداقتا چوقۇم ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچى بولۇشى كېرەك!... ئۇ زات بولسا ئالەملەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا تۇر سۈرىسىدە قەتئىيلىك تۈسى ئالغان ئوچۇق ئەقلى دەلىل بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئىسپاتلايدۇ:

﴿ أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَـٰلِقُونَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟﴾[1]

ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىز بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى ۋە ياكى ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

جۇبەير ئىبن مۇتئىم دېگەن كىشى، (ئۇ ۋاقىتتا مۇشرىك ئىدى) پەيغەمبىرىمىزدىن تۇر سۈرىسىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مەن بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ:

---

[1] تۇر سۈرىسى 35 - ئايەت.

﴿ أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَٰلِقُونَ ﴿٣٥﴾ أَمْ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ ۚ بَل لَّا يُوقِنُونَ ﴿٣٦﴾ أَمْ عِندَهُمْ خَزَآئِنُ رَبِّكَ أَمْ هُمُ ٱلْمُصَيْطِرُونَ ﴿٣٧﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟﴾[1]

دېگەن يەرگە يەتكەندە قەلبىمدە ئىماننىڭ تۇنجى قېتىم ئورۇنلاشقان دەقىقىلىرى بولدى. خوشاللىقتىن قەلبىم سەكرەپ چىققىلى تاسلا قالغان ئىدى، دەپ بايان قىلىدۇ. [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى]

تۆۋەندىكى مىسالىمىز بۇنى تېخىمۇ بەكرەك ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسە كېرەك: ئەگەر بىر كىشى سىزگە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغچىلار بىلەن ئورالغان، گىلەملەر ۋە ئائىلىكلەر بىلەن تولدۇرۇلغان ئەڭ چىرايلىق زىننەتلەر بىلەن مۇكەممەل بېزەلگەن ئېگىز شاھانە قەسىر بار، ئۇ قەسىر بولسا پۈتۈن تولۇقلىمىسى

[1] تۇر سۈرىسى 35 — 37 - ئايەتلەر.

بىلەن ئۆزىدىن ـ ئۆزى ياسىلىپ چىققان ۋە ياكى ئۆزلىكىدىن تاسادىپىي ياسىلىپ قالغان دېسە، ئۇنىڭ ئۇ سۆزىنى يالغان دېيىشكە ۋە "بىمەنە گەپ" دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرايسىزغۇ دەيمەن. ئۇنداق بولىدىكەن بۇ كەڭ كەتكەن كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، پەلەكلەر، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ھەيران قالارلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى، ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇشى ۋە ياكى ياسىغۇچىسىز تاسادىپىي يارىلىشى مۇمكىنمۇ؟!

### 3 . ئاللاھنىڭ بارلىقىغا شەرىئەتنىڭ ئىسپاتى

پۈتۈن ساماۋىي كىتابلار ئاللاھنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ كىتابلاردا ئىنسانلار مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملار، ئۆز بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى بىلگۈچى ھېكمەتلىك زات ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن كائىنات توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغان ۋەقەلىكلەر، ئۆزىنىڭ خەۋەر بەرگەن نەرسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قادىر ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

### 4 . ھېسنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىسپاتى

بۇ ئىككى خىل كۆزقاراش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

1 ـ بىز دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ ۋە مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ياردەم سوراپ دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ

ئىجابەت قىلىشۋاتقىنىنى ئاڭلاۋاتىمىز ۋە كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا قەتئىي دەلىلدۇر.

بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَنُوحًا إِذْ نَادَىٰ مِن قَبْلُ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿نۇھنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) بۇرۇن (قەۋمىگە، پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كۇففارلاردىن بىرنىمۇ قويمىغىن، دەپ بەتدۇئا قىلغان ئىدى)، بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَٱسْتَجَابَ لَكُمْ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.﴾[2]

سەھىھۇلبۇخارىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر جۈمە كۈنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، بىر

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

سەھەرلىق ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! پۇل ـ مال تۈگىدى، بالا ـ چاقىلار ئاچ قالدى، ئاللاھقا دۇئا قىلغىن! بىزدىن بۇ مۇسىبەتنى كۆتۈرىۋەتسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاسماندا تاغ كەبى بۇلۇتلار قوزغىلىشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپ مەن ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن يامغۇر سۈيى چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىككىنچى جۈمە كۈنى شۇ سەھەرلىق ئادەم ۋەياكى باشقىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! تۇرالغۇ جايلىرىمىز ئۆرۈلۈپ، مال ـ دۇنيالىرىمىز سۇغا غەرق بولدى، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭ، بىزدىن بۇ مۇسىبەتنى كۆتۈرىۋەتسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، «ئىلاھىم بىزگە ئەمەس، بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى تەرەپكە ئىشارە قىلسا، بۇلۇتلار شۇ تەرەپكە پارچىلىنىپ يامغۇر توختىدى. بۈگۈنگە قەدەر ئاللاھقا راستچىللىق بىلەن ئىلتىجا قىلىپ دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغان شەرتلىرى تولۇقلانسا دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىۋاتقىنى كۆرىلىۋاتىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن، ئىنسانلار كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان مۆجىزە دەپ ئاتالغان نەرسىلەر پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن زات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىسپاتتۇر. چۈنكى، مۆجىزە ئىنسان ئىرادىسىدىن تاشقىرى نەرسىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇز پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم قىلغان ئاساستا، ئۇلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا

ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۇ دېڭىزنى ئۇردى، دېڭىز سۈيى 12 گە بۆلىنىپ قۇپ ـ قۇرۇق يول بارلىققا كەلدى. يوللارنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇلار تاغلار كەبى تۇرغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡبَحۡرَۖ فَٱنفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرۡقٖ كَٱلطَّوۡدِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٦٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى.﴾[1]

ئىككىنچى مىسال: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ۋە ئۇلارنى قەبرىلىرىدىن چىقىراتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[1] شۇئەرا سۈرىسى 63 ـ ئايەت.

﴿ وَأُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذۡ تُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِيۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ...﴾[2]

3 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزە، قۇرەيش قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا، ئايغا ئىشارە قىلىۋىدى، ئىككىگە بۆلۈندى. ئۇنى خالايىقلار كۆرگەن ئىدى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ.

﴿ ٱقۡتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلۡقَمَرُ ۝١ وَإِن يَرَوۡاْ ءَايَةٗ يُعۡرِضُواْ وَيَقُولُواْ سِحۡرٞ مُّسۡتَمِرّٞ ۝٢ ﴾

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿(قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ).﴾[1]

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلىرى ھېسسى (كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان) مۆجىزىلەر بولسا، الله تائالا ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى قوللاپ ۋە ياردەم بەرگەن ئاساستا بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇنىڭ ئۆزى الله تا ئالانىڭ بارلىقىغا قەتئىي دەلىل ئىسپاتتۇر.

**ئىككىنچى، ئاللاھ تائالانىڭ رەبۇبىيىتىگە (پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە) ئىمان كەلتۈرۈش**

يەنى الله تائالانى يەككە، شېرىكسىز، ياردەمچىسى بولمىغان "زات" رەب دەپ ئېتىراپ قىلىش. "رەب" دېمەك، يارىتىش (يوقتىن بار قىلالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە) زات دېمەكتۇر. يارىتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ئەمر قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَا لَهُ ٱلۡخَلۡقُ وَٱلۡأَمۡرُۗ ﴾

[1] ئەل قەمەر سۈرىسى 1 – 2 – ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: ﴿يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُۚ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا يَمۡلِكُونَ مِن قِطۡمِيرٍ ﴿١٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس.﴾[2]

ئاللاھنىڭ رەبۇبىيىتىنى، ئۆزلىرىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان مۇتەكەببىر ئىنسانلارلا، يەنى پىرئەۋنگە ئوخشاش كىشىلەر ئىنكار قىلىشى مۇمكىن.

(پىرئەۋن) ئۆز قەۋمىگە خىتاب قىلىپ:

﴿ فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مەن سىلەرنىڭ كاتتا پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن﴾ دىدى.

---

(1) ئەل ئەئراف سۈرىسى 54 – ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 13 – ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَأُ مَا عَلِمۡتُ لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرِي ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.﴾[1]

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى بولسا پىرئەۋن ئېتىقادى نوقتىئىنەزىرىدىن ئېيتمىغان ئىدى. بۇھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ.

﴿ وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسۡتَيۡقَنَتۡهَآ أَنفُسُهُمۡ ظُلۡمًا وَعُلُوًّاۚ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى.﴾[2]

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە دېگەن سۆزنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

”ئى پىرئەۋن! بۇلار (يەنى، توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىلى قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ

(1) ئەلقەسەس سۈرىسى 38 - ئايەت.
(2) سۈرە نەمل 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىلىڭىزدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنى ئې پىرئەۋن، ھەقىقەتەن ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن“ دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ رەبۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئىلاھىيىتىگە شېرىك كەلتۈرەتتى (يەنى، ئىبادەت قىلىش جەريانىدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى.)

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُل لِّمَنِ ٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٤﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾ قُلْ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبْعِ وَرَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٨٦﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٨٧﴾ قُلْ مَنۢ بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٨﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ فَأَنَّىٰ تُسْحَرُونَ ﴿٨٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر ››. ئېيتقىنكى، ‹‹زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟

ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)». ئۇلار: «الله نىڭ» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالماسسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسمانىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟». ئۇلار «الله» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقماسسىلەر؟». ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)». ئۇلار: «الله» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟».﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى» دەيدۇ.﴾[2]

يەنە بىر ئايەتتە:

---

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى 84 —89 - ئايەتلەر.
[2] زۇخرۇف سۈرىسى 9 - ئايەت.

﴿ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴾

﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.﴾[1]

ئاللاھ تائالانىڭ پەرمانى كائىناتتىكى ۋە شەرىئەتتىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن كائىناتتا ئۆزى خالىغان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈم ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشاش، شەرىئەتتىكى ئىبادەت ۋە مۇئاسىۋەت مەسىلىلىرىدىمۇ ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆكۈم قىلغۇچى زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئىبادەت ۋە مۇئامىلە، مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىدە (يەنى، قانۇنچىلىق ۋە ھۆكۈم) ئاللاھ بىلەن باشقا بىرسىنى شېرىك قىلغان بولسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىمانى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### ئۈچىنچى، ئاللاھنىڭ ئىلاھىي بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش

[1] زۇخرۇف سۈرىسى87 - ئايەت.

(يەنى، ئاللاھنىڭ شېرىكسىز، يەككە، ئىبادەتكە ھەقلىق مەبۇد ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش)

ئەرەبچىدە ”ئەلئىلاھ“ دېگەن سۆزگە ”ئەلمەئلۇھ“يەنى، مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن سېغىنىلىدىغان مەبۇد دەپ مەنە بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلدى:

﴿ وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ ۖ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الرَّحْمَٰنُ الرَّحِيمُ ﴿١٦٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ ۚ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ﴿١٨﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق)

[1] بەقەرە سۈرىسى 163 - ئايەت.

يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

ئاللاھتىن باشقا سېغىنىلىۋاتقان ئىلاھلارنىڭ ”ئىلاھ“ لىقى باتىلدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ هُوَ ٱلْبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْعَلِىُّ ٱلْكَبِيرُ ﴿٦٢﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(بۇ (قۇدرەت) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، الله ھەقتۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، الله (ھەممە نەرسىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر.﴾[2]

مۇشرىكلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ”ئىلاھ“ دەپ ئاتىلىشى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا لات، مانات، ئۇززا قاتارلىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنْ هِىَ إِلَّآ أَسْمَآءٌ سَمَّيْتُمُوهَآ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَٰنٍ ﴾

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 18 - ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى 62 - ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿(بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، الله بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق...﴾[1]

ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانىدىكى ئىككى مەھبۇسقا دېگەن سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ءَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ ﴿٣٩﴾ مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسْمَآءً سَمَّيْتُمُوهَآ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَٰنٍ ﴾

﴿تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىنىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق.﴾[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە:

[1] نەجىم سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
[2] يۇسۇف سۈرىسى 39 ـ 40 ـ ئايەتلەر.

﴿ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر.﴾ دەپ دىنىنىڭ چاقىرىقىنى يەتكۈزەتتى. لېكىن مۇشرىكلار بۇ مۇقەددەس چاقىرىقتىن يۈز ئۆرۈپ ئاللاھتىن باشقىنى ”ئىلاھ“ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلدى ۋە ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ الله دىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشلىرىنى ئىككى خىل ئەقلى دەلىل بىلەن بىكارغا چىقاردى.

بىرىنچى دەلىل: مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىدا ھېچ قانداق ئىلاھلىققا خاس سۈپەتلەر يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغان، بىر نەرسە يارىتالمايدۇ. چوقۇنغۇچىلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق زىياننى كەتكۈزەلمەيدۇ. سېغىنغۇچىلىرى ئۈچۈن ھاياتلىق ۋە ماماتلىق بېغىشلىيالمايدۇ. ئاسمانلاردىكى بىرەر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ ۋە ئاللاھقا بۇ جەھەتلەردە شېرىكمۇ بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً لَّا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ وَلَا يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗا وَلَا يَمۡلِكُونَ مَوۡتٗا وَلَا حَيَوٰةٗ وَلَا نُشُورٗا ﴿٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۇشرىكلار اللە نى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا لَهُمۡ فِيهِمَا مِن شِرۡكٖ وَمَا لَهُۥ مِنۡهُم مِّن ظَهِيرٖ ﴿٢٢﴾ وَلَا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ عِندَهُۥٓ إِلَّا لِمَنۡ أَذِنَ لَهُۥۚ حَتَّىٰٓ إِذَا فُزِّعَ عَن

[1] فۇرقان سۈرىسى 3 - ئايەت.

قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٢٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿«ئىپتىقىنكى، «سىلەر الله نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا الله غا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله غا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق.»﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَيُشۡرِكُونَ مَا لَا يَخۡلُقُ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ ﴿١٩١﴾ وَلَا يَسۡتَطِيعُونَ لَهُمۡ نَصۡرٗا وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ﴿١٩٢﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ! ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.﴾[2]

(1) سەبەئ سۈرىسى 22 — 23 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەئراف سۈرىسى 191 — 192 ـ ئايەتلەر.

ئەگەر ئىلاھلارنىڭ ھالى ئۇ بولسا ئۇلارنى ئىلاھ دەپ ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ھاماقەتلىك ۋە باتىلدۇر.

ئىككىنچى دەلىل: ئۇ مۇشرىكلەر ئاللاھ تائالانى يېگانە تەربىيەتچى ۋە ياراتقۇچى، پۈتۈن نەرسىلەر ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، ئۇ زات بولسا قۇتقۇزغۇچىدۇركى، قۇتۇلدۇرۇشقا ھاجىتى يوق، دەپ ئىقرار قىلاتتى. شۇنداقلا ئاللاھنى شېرىكسىز، ياردەمچىسى يوق خالىق (ياراتقۇچى) دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىكەن پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلماسلىقى لازىم بولىدۇ.

شۇنداقلا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعْبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُواْ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٢﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار

الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسمانى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى اللە غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (الله نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرسىلەر.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٨٧﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.﴾[2]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَـٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى21 – 22 - ئايەتلەر.
[2] زۇخرۇف سۈرىسى 87 - ئايەت.

ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُۚ
فَقُلۡ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾ فَذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمُ ٱلۡحَقُّۖ فَمَاذَا بَعۡدَ
ٱلۡحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَٰلُۖ فَأَنَّىٰ تُصۡرَفُونَ ﴿٣٢﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «الله» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(الله دىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ الله دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»﴾[1]

**تۆتىنچى، ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش**

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى 31 - 32 - ئايەتلەر.

يــەنى ئــاللاھ تائالانــىڭ قــۇرئان كــەرىم ۋە هــەدىس شەرىپـلەردە بايـان قىلىنغـان ئىـسىم ـ سۈپـەتلىرىنى ئـاللاھ تائالاغا لايىق بولغان هالدا ئۇ زاتقا خاس دەپ بىلىش، ئۇنى ئۆزگەرتمەســـــتىن، ئىنكـــــار قىلماســــتىن، مەخلـــــۇققا ئوخشاتماســتىن، ئــۆز خاهىشــى بويىچــە شەرهىلىمەسـتىن، ئــۇنىڭ ئــۆز ئــەينى بويىچــە ئېتىقـاد قىلىش. بـۇ هەقتـە ئـاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا ۖ وَذَرُوا۟ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ أَسْمَٰٓئِهِۦ ۚ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٨٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(الله نىڭ گــۈزەل ئىـسىملىرى بـار، الله نى شـــۇ (گـــۈزەل ئىـــسىملىرى) بىلـــەن ئاتـــاڭلار، الله نـــىڭ ئىـــسىملىرىنى كەلـــە ـ كەلمــەس قوللىنىــدىغانلارنى تــەرك ئېتىـڭلار، ئــۇلار (ئاخىرەتتــە) قىلمىشــلىرىنىڭ جازاســىنى تارتىدۇ.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

﴿ وَلَهُ ٱلۡمَثَلُ ٱلۡأَعۡلَىٰ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٧﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت الله قا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە:

﴿ لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ شَيۡءٞۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتە ئىككى تۈردىكى كىشىلەر ئازغۇنلۇق يولىغا كىردى.

بىرىنچى: مۇئەتتىلە: ئۇلار ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ياكى بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسىم سۈپەتلەرنى ئاللاھقا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئاللاھنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشاتقانلىق دەپ قارايدۇ.

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(2) شورا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

يۇقىرىدىكىسى باتىل كۆز قاراشتۇر. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بۇ گۇمانى كۆز قاراشلار ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدە بىردەكلىك يوق دېگەنگە ئوخشاش باتىل سەۋەبلەرنى تەقەززا قىلىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدە زىتلىق بارلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە لايىق ئىسىم سۈپەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆزىنىڭ ئوخشىشى بولىدىغانلىقىنى رەت قىلىدى. ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش ئاللاھنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشاتقانلىق دېيىلسە، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدە زىتلىق بولغان، بىر سۆز يەنە بىر سۆزنى يالغانغا چىقىرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان بولاتتى.

2 ـ ئىككى نەرسىنىڭ ئىسىم ياكى سۈپەتتە بىردەكلىكتە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. سىز ئىككى شەخسنىڭ ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، سۆزلىگۈچى ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي كۆز قاراش، ئاڭلاش، كۆرۈش، گەپ قىلىش قاتارلىقلاردا ئوخشاش بىرلىككە كېلىشىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى بىلەلەيسىز. پۇت، قول، كۆز قاتارلىق ئەزالارغا ئىگە ھايۋانلارنى كۆرگىنىڭىزدە ئۇلارنىڭ پۇت، قول ۋە كۆز قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز.

دېمەك، مەخلۇقاتلار ئوتتۇرىسىدا ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن بىرگە ئۇلاردىكى ھەرخىل پەرقلىق ۋە تۈپتىن ئوخشىماسلىقنى كۆرىدىكەنمىز، خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بولۇشى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بىر مەسىلىدۇر.

ئىككىنچى: "ئەلمۇشەببىھە" بولار "ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ تەقەززاسى مۇشۇنداق چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرى چۈشىنىدىغان سەۋىيىدە خىتاب قىلىدۇ" دەپ بىلجىرلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتقان ھالدا تەستىقلايدىغانلاردۇر. بۇ قاراشمۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلى باتىلدۇر.

1 ـ ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىش ئەقلمۇ شەرئەتمۇ قوبۇل قىلمايدىغان، ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغىمۇ ماس كەلمەيدىغان بىر باتىل ئىشتۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى بەندىلىرى نېگىزىدىن چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ خىتاب قىلدى. لېكىن ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا ۋە سۈپەتلىرىگە تەئەللۇق بولغان مەنىلەرنى ئۆزىنىڭلا بىلىشىگە خاس قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە "ئاڭلىغۇچى" دېگەن سۈپەتنى مۇئەييەنلەشتۇرگىنىدە، ئاڭلىماقنىڭ ھەقىقي مەنسى بولسا "تاۋۇشلارنى ئىدراك قىلىش" نى كۆرستىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلىشىنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقى نامەلۇمدۇر. چۈنكى، ئاللاشنىڭ ھەقىقتى مەخلۇقاتلاردىمۇ پەرقلىنىدۇ ـ يۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا خالىق بىلەن مەخلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق (ئاڭلىغۇچى دېگەن سۆپەتتە) بۈيۈك ھەم روشەندۇر.

ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىشىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى بولسا، قارار ئېلىش مەنە جەھەتتىن ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتتە ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىشتىكى ھەقىقىي ھالىتى بىزگە نامەلۇمدۇر. قارار ئېلىش مەخلۇقلاردىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئورۇندۇقتا قارار ئېلىش بىلەن قاچقاق ۋە بويسۇندۇرۇش قېيىن بولغان ھايۋانلارنىڭ ئۈستىدە قارار ئېلىش ئوخشاش بولمايدۇ. ئەھۋال ئۇنداق بولغان ئىكەن، خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ بۈيۈكتۇر. بىز يۇقىرىدا سۆپەتلەپ بەرگىنىمىزدەك ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن بېرىدىغان نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشى، ئىبادەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇ زاتتىن باشقىسى ئۈچۈن بولماسلىقى.

2 ـ ئاللاھنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۆپەتلىرىگە لايىق رەۋىشتە ئۇلۇغلاش ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنىڭ ئاخىرىقى نوقتىسىدۇر.

3 ـ ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە مەنئىي قىلغان نەرسىلەردىن چەكلىنىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش.

# پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەر:

ئۇلار غەيب دۇنياسىدىكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغۇچى مەخلۇقلاردۇر. ئۇلاردا ئىلاھلىق ۋە پەرۋەردىگارلىققا خاس ھېچقانداق بىر خىسلەت يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نۇردىن ياراتقان بولۇپ ئۇلارغا ۋە ئۆز ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈچ ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغان.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَمَنْ عِندَهُۥ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ ﴿١٩﴾ يُسَبِّحُونَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ ﴿٢٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله نىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) الله نىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.﴾[1]

ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارىدا ئەنەس

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى زىكىر قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا ئېلىپ چىقىلىپ، بەيتۇل مەئمۇرغا ئېلىپ بېرىلغاندا ئۇ يەردە (ئاسماندا) ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇ يەرگە بىر قېتىم كىرگەنلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كىرىشىگە مۇمكىن ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان.

**پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق تۆت نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:**

1 ـ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىش

2 ـ ئۇلاردىن قايسى بىرىنىڭ ئىسمى بىزگە بىلدۈرۈلگەن بولسۇن (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش) ۋە ياكى بىلدۈرۈلمىگەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ ئۇلارنىڭ بىزلەرگە بىلدۈرۈلگەن سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىگە ئوخشاش). بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ، ئۇنى ئەسلى يارىتىلغان سۈپەت بىلەن كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بولۇپ، ئوپۇقنى توسۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، دېگەن.

پەرىشتە گاھىدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىنساننىڭ شەكلىگە كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى

مەريەم ئەلەيھاسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم شەكلىدە كۆرۈنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان چاغدا قۇندۇز ساچلىق، ئاپ ـ ئاق كىيىم كىيگەن، ئۇنىڭدا سەپەر قىلغانلىقنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدىغان، ساھابىلەرگىمۇ ناتونۇش سالاپەتلىك بىر كىشى سۈرىتىدە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ۋە تىزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزلىرىغا تەككۈزۈپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ يوتىلىرىغا قويۇپ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام، ئىمان، ئېھسان، قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى توغرۇلۇق سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«هَذَا جِبْرِيلُ أَتَاكُمْ يُعلِّمُكم دِينِكُمْ»

تەرجىمىسى: «بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سىلەرگە دىنىڭلارنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇ]

شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارغا ئەۋەتكەن پەرىشتىلىرىمۇ ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە ئىدى.

4 ـ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلار قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا بىلدۈرۈلگەنلىرىمىزگە (ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ـ تالماي تەسبىھ ئېيتىشى، توختىماستىن، مالال كۆرمەي بوشاشماستىن ئىبادەت قىلىشلىرىغا ئوخشاش ئەمەللەرگە) ئىمان ئېيتىش.

بەزى پەرىشتىلەر مەخسۇس ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مەسىلەن: ئامانەتدار جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەنبىيا پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزىدىغان ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

مىكائىل ئەلەيھىسسالامنى يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشكە مۇئەككەل قىلدى.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنى قىيامەت بولىدىغان ۋە بەندىلەرنىڭ قايتا تىرىلىش پەيتىدە سۇر چالىدىغان جاكارچى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام) ئۆلۈم پەيتىدە قەبزى روھ قىلىشقا مۇئەككەل قىلدى.

مالىك دوزاخنى ساقلىغۇچى ۋە جەھەننەمنىڭ ئىدارى ئىشلىرىغا مەسئۇل پەرىشتە.

ئانىلارنىڭ رەھمىدىكى باللارغا مەسئۇل قىلىنغان پەرىشتىلەر: ئانا قورسىقىدىكى بالا تۆت ئايلىق بولغان ھامان ئاللاھ تائالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ بالىنىڭ رىزقى،

ئەجلى، ئەمەلى، بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ساقلاش ۋە يېزىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر مۇئەككەل قىلىنغان بولۇپ، بۇ پەرىشتىلەردىن ھەربىر شەخس ئۈچۈن ئىككى پەرىشتە تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەنە بىرى سول تەرىپىدە بولىدۇ.

ئىنسان قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن مېيىتنى سوراق قىلىشقا بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەر بولۇپ، مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، دىنىنىڭ نېمە، پەيغەمبىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلارنى سورايدۇ.

**پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان مېۋە ۋە نەتىجىلەر:**

1 ـ ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكى، كۈچلۈكلىكى ۋە سەلتەنىتىنى بىلىش. چۈنكى ئىنساننىڭ بۈيۈكلىكى ياراتقۇچىسىنىڭ چەكسىز بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قىلغان چەكسىز مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە تەشەككۇر ئېيتىش. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىن ئىنسانلارنى

ساقلايدىغان، سادىر بولغان ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنى يازىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن الله نىڭ بۇيرۇغان خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلغان.

3 ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئۇلارنى سۆيۈش بەزى بىر ئەقىلسىز ۋە چۈشەنچىسىز كىشىلەر پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس يارىتىلغان مەخلۇقاتلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى مەخلۇقلارنىڭ ئىچكى يوشۇرۇنغان ياخشىلىقتىن ئىبارەت بولغان كۈچ دەپ قارايدۇ. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ جَاعِلِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُو۟لِىٓ أَجْنِحَةٍ مَّثْنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى

قانـاتلىق، ئۈچ قانـاتلىق، تۆت قانـاتلىق ئەلچىلـەر قىلغۇچى
الله غا خاستۇر!﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَضۡرِبُونَ وُجُوهَهُمۡ وَأَدۡبَٰرَهُمۡ وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ٥٠ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ).﴾[2]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېدى:

﴿ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي غَمَرَٰتِ ٱلۡمَوۡتِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓاْ أَيۡدِيهِمۡ أَخۡرِجُوٓاْ أَنفُسَكُمُۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق

(1) فاتىر سۈرىسى 1 - ئايەت.
(2) ئەنفال سۈرىسى50 - ئايەت.

ھالىنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار!» دەيدۇ.﴾[1]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ حَتَّىٰٓ إِذَا فُزِّعَ عَن قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٢٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەيدۇ. الله يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر.﴾[2]

جەننەت ئەھلىلىرى توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دېدى:

﴿ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا وَمَن صَلَحَ مِنۡ ءَابَآئِهِمۡ وَأَزۡوَٰجِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَدۡخُلُونَ عَلَيۡهِم مِّن كُلِّ بَابٖ ﴿٢٣﴾ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٤﴾ ﴾

[1] ئەنئام سۈرىسى93 - ئايەت.
[2] سەبەئ سۈرىسى 23 - ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ.﴾[1]

سەھىھۇل بۇخارىدىكى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلگە خىتاب قىلىپ، ئاللاھ پالان بەندىنى ياخشى كۆردى، ئۇنى ياخشى كۆرگىن! دەيدۇ. جىبرىئىل ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە نىدا قىلىپ ئاللاھ پالانچىنى ياخشى كۆردى، ئۇنى سىلەرمۇ ياخشى كۆرۈڭلار، دەيدۇ. ئاندىن ئاسمان ئەھلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن زېمىندا ئۇ بەندە ئۈچۈن ھۆرمەت، ئېھتىرام ۋە سۆيگۈ ئاتا قىلىنىدۇ.»

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «جۈمە كۈنى پەرىشتىلەر مەسجىدنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا، ناماز ئادا قىلغىلى كېلىۋاتقانلارنى رەت بويىچە تاكى ئىمام مۇنبەرگە چىققانغا قەدەر خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن

---

[1] رەئىد سۈرىسى23 — 24 - ئايەتلەر.

دەپـتەرلىرىنى يېپىـپ ئىمامنىـڭ خۇتبىسـىنى ئـاڭلاش ئۈچـۈن كېلىدۇ.»

يۇقىرىـدىكى بايـانلار بولسـا پەرىشـتىلەرنىڭ بـەزى بىـر ئەقىلسـىز نـادان كىشـىلەر ئويلىغانـدەك، مەنىۋى كۈچلەردىن ئەمـەس، بـەلكى مەۋجۇتلـۇقى ئېنىـق مەخلـۇق ئىكـەنلىكىنى ئېنىــق كۆرسـتىپ بېرىــدۇ. مۇسـۇلمانلار يۇقىرىــدىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېنىق مەخلۇقاتلاردىن ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

# كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

”ئەلكۈتۈب“ بۇ كەلىمە، كىتابنىڭ كۆپلۈك ھالىتىدە كېلىشى بولۇپ، ئەرەبچىدە يازما ماتېرىياللار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششلىرى ئۈچۈن بەندىلەرگە رەھمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئۆز دەرگاھىدىن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلىرى كۆزدە تۇتىلىدۇ.

ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشىنىش تۆت نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ساماۋىي كىتابلارنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت دەپ ئىشىنىش.

2 ـ بىز ئىسمىنى بىلگەن كىتابلارغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋرات، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىنجىل، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان زەبۇر قاتارلىق كىتابلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ــ ئۇ كىتابلاردىكى ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرنى تەستىقلاش، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان قىسسىلەر، ئۇنىدىن باشقا ئۆتمۈش زاماندىكى كىتابلاردىكى

ئالماشتۇرۇلمىغان ۋە تېگىشتۈرۈلمىگەن خەۋەر ۋە قىسسىلەرنى تەستىقلاش.

4 ــ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش. گەرچە ئۇ ھۆكۈملەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەتنى چۈشىنەيلى ۋە ياكى چۈشەنمەيلى ئۇنىڭغا رازى ۋە تەسلىم بولۇش. ئۆتمۈشتىكى ھەممە كىتابلار قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَـٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَـٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.﴾[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ساماۋىي كىتابلار ئىچىدىكى قۇرئان كەرىم توغرا دەپ تەستىقلىغان ھۆكۈملەردىن باشقىغا ئەمەل قىلىش جائىز ئەمەس.

ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر.

[1] مائىدە سۈرىسى48 ـ ئايەت.

ئـــاللاھ تائالانـــىڭ بەندىلەرگـــە نەقـــەدەر ئېتىبـــار بېرىـدىغانلىقىنى ۋە ھەر قانداق بىـر قەۋمگـە ئۇلارنى تـوغرا يولغا يېتەكلەيدىغان كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىنى بىلىش.

ئـاللاھ تائالانـىڭ ھەرقانـداق بىـر جەمئىيـەتنىڭ ئـۆز ھالىغـــا مۇناســـىپ كېلىـــدىغان قانـــۇن ۋە ھۆكۈملـــەرنى تۈرگۈزگانلىقىدىكى ھېكمەتنى بىلىش.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ﴾

تەرجىمىســـى: ﴿(ئـى ئۇممەتلــەر!) ســـىلەرنىڭ ھـــەر بىـــرىڭلار غـــا بىـــر خىـــل شـــەرىئەت ۋە ئوچـــۇق يـــول تـــەيىن قىلدۇق.﴾[1]

3 ــ ئـــاللاھ تائالانـــىڭ ئاشـــۇ نېمەتلىرىگـــە چەكســـىز شۈكۈرلەرنى ئېيتىش.

---

[1] مائىدە سۈرىسى48 ـ ئايەت.

# پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئەرەب تىلىدا ”رەسۇل“ دېگەن سۆز ”رەسۇل“ دېگەن سۆزنىڭ كۆپلىك ھالىتى بولۇپ، ”ئەۋەتىلگۈچى“ ۋە ياكى ”بىر نەرسىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچى“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇيەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئىنسانلاردىن بىرەرىگە شەرىئەت بىلەن ۋەھيى قىلىنىپ ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئىلگىرىكىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق.﴾[1]

[1] نىسا سۈرىسى 163 - ئايەت.

سەھىھۇل بۇخارىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ذكر أن الناس يأتون إلى آدم ليشفع لهم فيعتذر إليهم، ويقول: ائتوا نوحا أول رسول بعثه الله...» وذكر تمام الحديث

تەرجىمىسى: «كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىشىنى تىلەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇ الله ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەردۇر...» ھەدىسنىڭ ئاخىرىغىچە بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر﴾[1]

[1] ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېچقانـداق بىـر ئۈممـەت مۇسـتەقىل شـەرىئەت بىلـەن ئـەلچى ئەۋەتىلىشـتىن ۋە يـاكى ئۆتكـەن پـەيغەمبەرلەرنىڭ شـەرىئىتىنى يېڭىلاش ئـارقىلىق ۋەھيـى قىلىنىشـتىن خـالى بولغان ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ ﴿٢٤﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[2].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] نەھل سۈرىسى 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] فاتىر سۈرىسى 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ إِنَّآ أَنزَلْنَا ٱلتَّوْرَىٰةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ ۚ يَحْكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ أَسْلَمُوا۟ لِلَّذِينَ هَادُوا۟ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق،تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللە نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەرلەر بولسا ئىنساندۇر، ئۇلار ئۇلۇھىيەت ۋە رەبۇبىيەت خۇسۇسىيەتلىرى بولمىغان مەخلۇقلاردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى ۋە ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا ئەڭ ئابرۇيلۇق بولغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُل لَّآ أَمْلِكُ لِنَفْسِى نَفْعًا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُ ۚ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ لَٱسْتَكْثَرْتُ مِنَ ٱلْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِىَ ٱلسُّوٓءُ ۚ إِنْ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٨﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿اللە خالىمىغان ئىكەن، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزۈمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟)

[1] مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان - زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنِّى لَآ أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا ﴿٢١﴾ قُلْ إِنِّى لَن يُجِيرَنِى مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلْتَحَدًا ﴿٢٢﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن (بۇنىڭغا پەقەت الله قادىر بولالايدۇ)». ئېيتقىنكى، «(ئەگەر مەن الله غا ئاسىي بولسام) مېنى الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، الله دىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)»﴾[2].

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 188 - ئايەت.

[2] جىن سۈرىسى 21 - 22 - ئايەتلەر.

ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن كېسەل بولۇش، ۋاپات بولۇش... قاتارلىقلار خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى بىلەن بىرگە يېمەك ـــ ئىچمەككە ئوخشاش نەرسىلەرگە ئېھتىياجىنىڭ بولۇشى ئۇزىنىڭ ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكىگە ئوچۇق ئىسپاتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىنى قانداق سۈپەتلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿ وَٱلَّذِى هُوَ يُطْعِمُنِى وَيَسْقِينِ ﴿٧٩﴾ وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ ﴿٨٠﴾ وَٱلَّذِى يُمِيتُنِى ثُمَّ يُحْيِينِ ﴿٨١﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ. ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. ناۋادا ئۇنتۇپ قالسام مېنى ئەسلىتىپ قويۇڭلار »

[1] شۇئەرا سۈرىسى 79 ـــ 81 - ئايەتكىچە.

الله پــەيغەمبەرلەرنى بەنــدىچىلىكتىكى ئــەڭ ئۈســتۈن مەقاملىرى بىلەن سۆپەتلىدى. ئۇلارنى مەدھىيلەش ئارىسىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّهُۥ كَانَ عَبۡدٗا شَكُورٗا ٣ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿نـۇھ ھەقىقەتـەن كـۆپ شـۈكۈر قىلغـۇچى بەندە ئىدى.﴾[1]

ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡفُرۡقَانَ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦ لِيَكُونَ لِلۡعَٰلَمِينَ نَذِيرًا ١ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿پــۈتۈن جاھــان ئــەھلىنى (الله نــىڭ ئازابىــدىن) ئاگــاھلاندۇرغۇچى بولۇشــى ئۈچــۈن، بەندىســگــە (يــەنى مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالامغا) ھــەق بىلــەن بــاتىلنى ئايرىغــۇچى قــۇرئاننى نازىــل قىلغــان الله نــىڭ بــەرىكىتى بۈيۈكتۇر.﴾[2]

ئــاللاھ تائــالا ئىبــراھىم، ئىســھاق ۋە يەئقــۇب ئەلەيھىسسالاملار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] فۇرقان سۈرىسى 1 - ئايەت.

﴿ وَٱذۡكُرۡ عِبَـٰدَنَآ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَـٰقَ وَيَعۡقُوبَ أُوْلِي ٱلۡأَيۡدِي وَٱلۡأَبۡصَـٰرِ ۝٤٥ إِنَّآ أَخۡلَصۡنَـٰهُم بِخَالِصَةٖ ذِكۡرَى ٱلدَّارِ ۝٤٦ وَإِنَّهُمۡ عِندَنَا لَمِنَ ٱلۡمُصۡطَفَيۡنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ۝٤٧ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن. ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر.﴾[1]

ئاللاھ تائالا ئىسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنۡ هُوَ إِلَّا عَبۡدٌ أَنۡعَمۡنَا عَلَيۡهِ وَجَعَلۡنَـٰهُ مَثَلٗا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى

[1] ساد سۈرىسى 45 - 46 - 47 - ئايەتلەر.

بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق.﴾[1]

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق تۆت نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ**

**1** - ئۇلارنىڭ الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش. كىمكى ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئىمان ئېيتمايدىكەن، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٠٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.﴾[2]

نۇھنىڭ قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان پەيتىنىڭ ئۆزىدە باشقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى بىلەن باراۋەر ھېسابلىدى. شۇنىڭغا بىنائەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن خرىستىئانلار، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئىنكار قىلغان ۋە ئەگەشمىگەن يالغانچىلار ھېسابلىنىدۇ.

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 59 - ئايەت.
[2] شۇئەرا سۈرىسى 105 - ئايەت.

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا خرىستىئانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزىدىغانلىقى ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن ئىدى.

2 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاشلاردىن قايسى بىرىنىڭ ئىسمىنى بىلگەن بولايلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش پەيغەمبەر''ئىمتىيازغا ئىگە پەيغەمبەرلەر'' دەپ ئاتالدى.

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىككى يەردە زىكىر قىلدى:

﴿ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَٰقَهُمۡ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٖ وَإِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] ئەھزاب سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ نُوحًا وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِۦٓ إِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰٓ ۖ أَنْ أَقِيمُوا۟ ٱلدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا۟ فِيهِ ۚ كَبُرَ عَلَى ٱلْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ ۚ ٱللَّهُ يَجْتَبِىٓ إِلَيْهِ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِىٓ إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار﴾[1]**

**ھەتتا ئۇلاردىن ئىسىملىرىنى بىلمىگەنلىرىمىزگىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُم مَّن لَّمْ نَقْصُصْ عَلَيْكَ ۗ ﴾

[1] شۇرا سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەرجىمىسى: ﴿سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار.﴾[1]

3 ـ پەيغەمبەرلەردىن رىۋايەت قىلىنغان توغرا ۋە ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرنى ئېتىراپ قىلىش.

4 ـ شۇ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم

[1] غافىر سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.﴾[1]

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر:**

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمەت ۋە ئىنايىتىنى ۋە شۇنداقلا ئۇلار ئارقىلىق ئىنسانلارنى الله نىڭ يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقى ۋە توغرا ئىبادەت قىلىش تەرىقىسىنى بايان قىلىشلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلىش. چۈنكى ئەقلىنىڭ ئۆزىگە تايىنىپلا بۇنى بىلىشكە قادىر ئەمەس.

2 ـ پەيغەمبەرلەرنى سۆيۈش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە لايىق بولغان ئورنى بىلەن ئۇلۇغلاش ۋە مەدھىيىلەش؛ چۈنكى ئۇلار الله نىڭ ئەلچىلىرى ئۇلار يەر يۈزىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا نازىل بولغان ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەن شوغۇللاندى.

3 ـ ئاللاھ تائالا نىڭ بۇ بۈيۈك نېمىتىگە شۈكۈر ۋە رەھمەت ئېيتىش.

"ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىنسانلاردىن ئەۋەتىلمەيدۇ" دېگەن كۆز قاراشتىكى نادانلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرىگە ئىنكار قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ

[1] نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

گۇمانى كۆز قاراشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دېدى:

﴿ وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَبَعَثَ ٱللَّهُ بَشَرٗا رَّسُولٗا ﴿٩٤﴾ قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا ﴿٩٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «اللہ ئىنسانىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق».﴾[1]

ئاللاھ تائالا بۇ خاتا كۆز قاراشنى، زېمىندا ياشايدىغانلار ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز جىنسىدىن ئەلچى ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئەگەر زېمىن ئەھلى پەرىشتە بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسماندىن پەرىشتە

[1] ئىسرا سۈرىسى 94 — 95 - ئايەتلەر.

جىنسىدىن ئەلچى ئەۋەتكەن بولاتتۇق دېگەن قانۇنىيىتى بىلەن يوققا چىقاردى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغان يالغانچىلارنىڭ ئۇلار توغرىسىدا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿ قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِي ٱللَّهِ شَكٌّ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ قَالُوٓاْ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٠﴾ قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَمَا كَانَ لَنَآ أَن نَّأْتِيَكُم بِسُلْطَٰنٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿«سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان (بۇتلار) غا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولۇۋسىلەر، (راستلىقىڭلار ئۇچۇن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش

ئىنسانمىز، لېكىن الله بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىگە) مەرھەمەت قىلىدۇ، الله نىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز﴾[1].

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

" ئاخىرەت كۈنى ":ئۇ ـ قىيامەت كۈنى بولۇپ، ئىنسانلار قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر.

ئۇ كۈننىڭ "ئاخىرەت كۈنى" دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ كۈننىڭ ئارقىسىدا يەنە كۈنلەرنىڭ بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ كۈندىن كېيىن جەننەت ئەھلى جەننەتتىكى، دوزاخ ئەھلى جەھەننەمدىكى مۇناسىپ ئورۇنلىرىدا قارارلىشىدۇ.

**ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق ئۈچ ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:**

**1** ـ قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىش: ئۇ ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىشى. ئۇ پەيتتە ئىنسانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن يالاڭئاياق، كىيىمسىز، خەتنە قىلىنمىغان (يەنى ئانىدىن تۇغۇلما) ھالەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 1011 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

﴿ كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ ۚ وَعْدًا عَلَيْنَآ ۚ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٠٤﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.﴾[1]

قايتا تىرىلىش بولسا قۇرئان ـ سۈننەت ئىسپاتلىغان، ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ئۆزگەرمەس بىر ھەقىقەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ثُمَّ إِنَّكُم بَعْدَ ذَٰلِكَ لَمَيِّتُونَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ تُبْعَثُونَ ﴿١٦﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلۈسىلەر. ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى (قەبرەڭلاردىن) تۇرغۇزۇلىسىلەر.﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى:

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۆمىنۇن 15 سۈرىسى ـ 16 ـ ئايەتلەر.

«يُحْشَرُ النَّاسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حُفَاةً عُراةً غُرْلاً»

تەرجىمىسى: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە يالاڭئاياق، خەتنە قىلىنىقسىز ھالەتلىرىدە (مەھشەرگاھقا) توپلىنىدۇ» بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

مۇسۇلمانلار قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى زېمىندىكى خەلىپىلىكدىن قايتۇرۇپ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرىنىڭ يەتكۈزۈشى ئارقىلىق يۈكلەنگەن ۋەزىپىلىرىگە جازا ۋە مۇكاپات بېرىشتىكى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ ﴿١١٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾[1]

---

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 115 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿ إِنَّ ٱلَّذِى فَرَضَ عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لَرَآدُّكَ إِلَىٰ مَعَادٍ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ.﴾[1]

2 ـ قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ۋە جازا مۇكاپاتلارغا ئىشىنىش: بەندە قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب قىلىنىپ، ياخشىلىق ئەمەللىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىپ، ناچار قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىغا، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئىسپاتلىشى بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ إِلَيْنَآ إِيَابَهُمْ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾ ﴾

[1] قەسەس سۈرىسى 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئــۇلار (ئۆلگــەندىن كېــيىن) ھەقىقەتــەن بىزنىــڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشۡرُ أَمۡثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَا وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ١٦٠ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىــرەر ياخشــىلىق قىلغــان ئــادەم ئــۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.﴾[2]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَنَضَعُ ٱلۡمَوَٰزِينَ ٱلۡقِسۡطَ لِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَلَا تُظۡلَمُ نَفۡسٞ شَيۡـٔٗاۖ وَإِن كَانَ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٍ أَتَيۡنَا بِهَاۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ ٤٧ ﴾

---

(1) غاشىيە سۈرىسى 25 - 26 - ئايەتلەر.
(2) سۈرە ئەنئام 160 - ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.﴾[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

«يُدْنَى الْمُؤْمِنُ يَومَ القِيَامَةِ مِنْ رَبِّهِ حتَّى يَضَعَ كَنَفَهُ عَلَيهِ، فَيُقَرِّرَهُ بِذُنُوبِه، فيقولُ: أَتَعرِفُ ذنبَ كذا؟ أتَعرفُ ذَنبَ كَذَا؟ فيقول: رَبِّ أعْرِفُ، قال: فَإِنِّي قَد سَتَرتُهَا عَلَيكَ في الدُّنيا، وَأَنَا أَغْفِرُهَا لَكَ اليَومَ، فَيُعطَى صَحِيفَةَ حسَنَاته، وأما الكفار والمنافقون فينادى بهم على رؤوس الخلائق هؤلا الذين كذبوا على ربهم، الا لعنة الله على الظالمين»

تەرجىمىسى: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مۆمىننى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن مۆمىننىڭ ئوتتۇرىسىنى پەردە ئارقىلىق توسۇپ: مۇنداق، مۇنداق گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟ دەيدۇ. مۆمىن: ھەئە، رەببىم! بۇ گۇناھلارنى مەن

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 47 - ئايەت.

ئۆتكۈزگەن، دەپ ئىقرار قىلغانغا قەدەر، ئىنسان ياراتقۇچىسى ئالدىدا گەدەنكەشلىكنى ئېتىراپ قىلىپ: ئەمدى مەن تۇگەشتىم! دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئاللاھ تائالا: بەندەم سېنىڭ بۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا يوشۇردۇم، بۈگۈن مەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ ۋە بەندىگە ياخشىلىق نامە ئەماللىرى يېزىلغان كىتاب بېرىلىدۇ. ئەمما كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا بولسا، ئۇلارنى پۈتۈن مەھشەرگاھدىكىلەر ئالدىدا ئاشكار قىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا گەدەنكەشلىك ۋە بۆھتان قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله نىڭ لەنىتى ئۇلار غا بولسۇن» بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى:

«أن من همَّ بِحَسَنَةٍ فَلَمْ يعْمَلْهَا كتبَهَا اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى عِنْدَهُ حسنةً كامِلةً وَإِنْ همَّ بهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللَّهُ عَشْر حَسَنَاتٍ إِلَى سَبْعِمَائِةِ ضِعْفٍ إِلَى أَضْعَافٍ كثيرةٍ، وَإِنْ هَمَّ بِسيِّئَةِ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللَّهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كامِلَةً، وَإِنْ هَمَّ بِها فعَمِلها كَتَبَهَا اللَّهُ سَيِّئَةً وَاحِدَةً»

تەرجىمىسى: «كىمكى ياخشى ئەمەلگە نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىدا ئوندىن يەتتە يۈزگە قەدەر ھەتتا ئۇنىڭدىن بىر نەچچە

ھەسسە كۆپ ساۋاب يازىدۇ. كىمكى ناچار قىلمىشلارغا نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلسا الله ئۇنىڭغا بىر جازا يازىدۇ.»

ئەمەللەر ئۈچۈن ھېساب ۋە جازانىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلدى. ئاللاھ تائالا قۇرئاننى نازىل قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، بەندىلەرگە پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلىپ، ۋەھيى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ھەقىقەتلەرگە قارشى چىققۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىشنى ۋاجىپ قىلىش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قانلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى، ئاياللىرىنى ۋە پۇل ماللىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بېرىشتىكى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەگەر ھېساب ۋە جازا بولمىغىنىدا ئىدى. بۇ نەرسىلەر بىھۇدىلىكتىن باشقا نەرسە بولمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دىدى:

﴿ فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝٦ فَلَنَقُصَّنَّ عَلَيْهِم بِعِلْمٍ ۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ۝٧ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز. (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىز)﴾[1]

3 ـ جەننەت ۋە دوزاخقا ئىشىنىش: بۇ ئىككىسى بولسا مەخلۇقنىڭ مەڭگۈلۈك كېلەچىكىدۇر.

جەننەت: ئاللاھ تائالا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرگە ئىشەنگەن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا پۈتۈن ئىبادەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن، شېرىك كەلتۈرمەستىن قىلغانلار ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەنلەر، تەقۋادار مۆمىنلەر ئۈچۈن الله تەرىپىدىن تەييارلانغان چەكسىز نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن گۈزەل ماكاندۇر. ئۇ يەردە كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئىشىتىپ باقمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان تۈرلۈك نېمەتلەر بار.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] ئەئراف سۈرىسى 6 - 7 - ئايەتلەر.

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ ﴿٧﴾ جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِىَ رَبَّهُۥ ﴿٨﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ الله دىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّآ أُخْفِىَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٧﴾ ﴾

[1] بەييىنە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1]

دوزاخ بولسا، الله غا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان، گۇمراھ، زالىم كاپىرلار ئۈچۈن الله تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئىنسان خىيالىدىن كەچمىگەن ھەر تۈرلۈك ئازاب - ئۇقۇبەتلەر بىلەن ھازىرلانغان دەھشەتلىك ماكاندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِىٓ أُعِدَّتْ لِلْكَـٰفِرِينَ ﴿١٣١﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار﴾[2]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقُلِ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَن شَآءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَآءَ فَلْيَكْفُرْ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلظَّـٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ۚ

[1] سەجدە سۈرىسى 17 - ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى 131 - ئايەت.

وَإِن يَسْتَغِيثُواْ يُغَاثُواْ بِمَآءٍ كَٱلْمُهْلِ يَشْوِى ٱلْوُجُوهَ ۚ بِئْسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتْ مُرْتَفَقًا ﴿٢٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٦٥﴾ يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِى ٱلنَّارِ يَقُولُونَ يَـٰلَيْتَنَآ أَطَعْنَا ٱللَّهَ وَأَطَعْنَا ٱلرَّسُولَا ﴿٦٦﴾ ﴾

[1] كەھف سۈرىسى 29 - ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿الله ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ. دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز اللە غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ.﴾[1]

ئىنسان ۋاپاتىدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ:

1 ـ قەبرى ئىمتىھانى: ئۇ بولسا مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن پەرۋەردىگارى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى قاتارلىق نەرسىلەردىن سوراق قىلىنىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىمان كەلتۈرگەن ھەقىقەت بىلەن، "رەببىم الله"، "دىنىم ئىسلام"، "پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام" دەپ جاۋاب بېرىشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

ھاياتلىق دۇنياسىدا الله غا ئاسىيلىق قىلغان زالىم كافىرلار بولسا قەبرىدە الله نىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن «ھا، ھا، بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما مۇناپىق ۋە ياكى

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 64 - 65 - 66 - ئايەتلەر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن پرىنسىپلاردىن بىرەرسىگە شەك ـ شۈبھە قىلغانلار بولسا «بىلمەيمەن، ئادەملەرنىڭ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەنمۇ شۇنى دېگەن ئىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

2 ـ قەبرى ئازابلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر:

قەبرى ئازابى بولسا، مۇناپىق ۋە كاپىرلار كەبى زالىملار ئۇچۇن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِى غَمَرَٰتِ ٱلْمَوْتِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓا۟ أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوٓا۟ أَنفُسَكُمُ ۖ ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَكُنتُمْ عَنْ ءَايَٰتِهِۦ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٩٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر الله توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپترا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى

مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر » دەيدۇ.﴾[1]

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلنَّارُ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا غُدُوّٗا وَعَشِيّٗاۚ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدۡخِلُوٓاْ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ أَشَدَّ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٦﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلار ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: « ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار! » (دېيىلىدۇ).﴾[2]

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىس كىتابىدا، زەيد ئىبن سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن ساھابى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى:

«فلولا أن لا تدافنوا لدعوت الله ان يسمعكم من عذاب النار» قالوا: نعوذ بالله من عذاب النار. فقال: «تعذوا بالله من عذاب القبر» قالوا: نعوذ بالله من عذاب القبر. قال: «تعذوا بالله من الفتن ما ظهر منها

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 93 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] غافىر سۈرىسى 46 - ئايەت.

وما بطن» قالوا: نعوذ بالله من الفتن ماظهر منها وما بطن. قال: «تعوذوا بالله من فتنة الدجال» قالوا: نعوذ بالله من فتنة الدجال.

تەرجىمىسى: «ئەگەر سىلەر بىر - بىرىڭلارنى دەپنە قىلمىغىنىڭلاردا، ئاللاھ تائالا غا دۇئا قىلىپ مەن ئاڭلاۋاتقان قەبىر ئازابىنى، سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىشنى ئىلتىجا قىلغان بولاتتىم» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ يۈزىنى بىر تەرەپكە قىلغان ھالەتتە: «الله دىن دوزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ساھابىلار: الله دىن دوزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله دىن قەبىر ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ساھابىلار: الله دىن قەبىر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله دىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ساھابىلار: الله دىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھ تىلەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله دىن دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ساھابىلار: الله دىن دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمىز» دېدى.

ئەمما قەبرىدىكى نېمەتلەر بولسا راستچىل مۆمىنلەر ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَـٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿٣٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَوْلَآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلْحُلْقُومَ ﴿٨٣﴾ وَأَنتُمْ حِينَئِذٍ تَنظُرُونَ ﴿٨٤﴾ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنكُمْ وَلَـٰكِن لَّا تُبْصِرُونَ ﴿٨٥﴾ فَلَوْلَآ إِن كُنتُمْ غَيْرَ مَدِينِينَ ﴿٨٦﴾ تَرْجِعُونَهَآ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾ فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٨٨﴾ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّتُ نَعِيمٍ ﴿٨٩﴾ ﴾

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 30 - ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر. بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر). ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە) قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ.﴾[1]

بەرائە ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەبرىدە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن مۆمىن ھەققىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ينادى مناد من السماء إن صدق عبدي، فافرشوه من الجنة، وألبسوه من الجنة، وافتحوا له بابا إلى الجنة قال فيأتية من روحها وطيبها، ويفسح له في قبره مد بصره»

---

[1] ۋاقىئە سۈرىسى 83 ـــ 89 ـ ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «ئاسماندىن نىدا قىلغۇچى زات؛ بەندەم راست سۆزلىدى. ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىساتلارنى سېلىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كىيىملەرنى كەيدۈرۈڭلار، جەننەت تەرەپكە ئىشىك ئېچىڭلار، دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ مەيىن راھەتلىك، ئىللىق شاماللىرى ۋە خۇش پۇرىقى كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئىچى كۆز يەتكەنگە قەدەر كېڭەيتىلىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلدى].

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر:

1 ـ قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ تائەت ئىبادەتنى قىزغىن ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن قىلىش.

2 ـ قىيامەت كۈنىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قورقۇپ گۇناھ بولىدىغان ئەمەللەرگە رازى بولماسلىق ۋە ئۇنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇش.

3 ـ مۆمىن بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈچۈن، ئاخىرەتنىڭ نېمەت ۋە ساۋابلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش.

كاپىرلار ”ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش مۇمكىن ئەمەس“ دېگەن كۆز قاراش بىلەن الله نىڭ ئۇ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلدى. بۇ بولسا باتىل كۆز قاراشتۇر. ئۇنىڭ باتىللىقىنى شەرئەت، ئەمەلىيەت ۋە ئەقىل ئىسپاتلىدى.

بۇ كۆز قاراشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە شەرئىيەتنىڭ ئىسپاتى: بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبۡعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلۡتُمۡۚ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ٧ ﴾

﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ الله غا ئاساندۇر»﴾.[1]

ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىمۇ ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى بەندىلىرىگە كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە بەقەرە سۈرىسىدە بەش مىسال كۆرستىلگەن بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ”الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز“ دەپ تاشلىغاندا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ۋاپات قىلدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا قايتا ھاياتلىق بېغىشلىدى.

[1] تەغابۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثْنَـٰكُم مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق.﴾[1]

2 ـ بەنى ئىسرائىل ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالغان قاتىلى بىلىنمىگەن ئۆلۈك قىسسىسىدە، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى كالىنى سويۇپ ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇ ئۆلۈك جەسەتنى ئۇرسا، ئۇلارغا، ئۆزىنى كىم ئۆلتۈرگەنلىك توغرىسىدا خەۋەر بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

[1] بەقەرە سۈرىسى 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر.

﴿ فَقُلْنَا ٱضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا ۚ كَذَٰلِكَ يُحْيِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾ ﴾

**ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُوا۟ مِن دِيَٰرِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُوا۟ ثُمَّ أَحْيَٰهُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ الله ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن الله ئۇلارنى تىرىلدۈردى، الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (الله نىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ.﴾[1]

**4 ـ خارابىلىقتا ئايلانغان كەنتتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ كەنتكە، الله نىڭ قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىشىغا گۇمان**

[1] بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەت.

بىلەن قارىغان كىشىنى الله ئۆلتۈرۈپ يۈز يىلدىن كېيىن قايتا ھاياتلىق بېغىشلىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَوْ كَٱلَّذِى مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْىِۦ هَٰذِهِ ٱللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا ۖ فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ مِاْئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُۥ ۖ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ ۖ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ ۖ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِاْئَةَ عَامٍ فَٱنظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ ءَايَةً لِّلنَّاسِ ۖ وَٱنظُرْ إِلَى ٱلْعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا ۚ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٥٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «الله بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. الله ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك

ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. الله (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىركۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دىدى. الله ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) **100** يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن الله نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دىدى.﴾[1]

5 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تائالا دىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تائالا قۇشتىن تۆتنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە پارچىلاپ ئەتراپىدىكى تاغلارغا چېچىپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى چاقىرسا ئۇنىڭ ئالدىغا چاپسان كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىنى بايان قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 259 ـ ئايەت.

﴿ وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِي كَيۡفَ تُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰۖ قَالَ أَوَلَمۡ تُؤۡمِنۖ قَالَ بَلَىٰ وَلَٰكِن لِّيَطۡمَئِنَّ قَلۡبِيۖ قَالَ فَخُذۡ أَرۡبَعَةٗ مِّنَ ٱلطَّيۡرِ فَصُرۡهُنَّ إِلَيۡكَ ثُمَّ ٱجۡعَلۡ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٖ مِّنۡهُنَّ جُزۡءٗا ثُمَّ ٱدۡعُهُنَّ يَأۡتِينَكَ سَعۡيٗاۚ وَٱعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٦٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. الله: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. الله ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ». بىلگىنكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

[1] بەقەرە سۈرىسى 260 - ئايەت.

يۇقىرىدىكى ئەمەلىيەتلەر ئىسپاتلىغان ۋەقەلىك مىساللار، الله نىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە قەبرىلىرىدىن چىقىرىشلىرى بولسا، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ۋوجۇتقا چىقىدىغان مۆجىزە قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ئەسكەرتىش بېرىلگەن ئىدى.

ئەمما ئەقلى ئىسپات: ئەقىل بولسا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن باتىل كۆز قارشنى ئىككى خىل ھەقىقەت بىلەن يوققا چىقىرىدۇ.

**1** ـ ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ دائىرىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەن ئۇلارنى قايتا بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئاجىز ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَهُوَ ٱلَّذِى يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهۡوَنُ عَلَيۡهِ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن)

تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ ۚ وَعْدًا عَلَيْنَآ ۚ إِنَّا كُنَّا فَـٰعِلِينَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾.[2]

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چىرىگەن سۆڭەكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىشىنى ئىنكار قىلغان ئىنسانلارغا رەددىيە بېرىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِىٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ ﴾

(1) رۇم سۈرىسى 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەرجىمىسى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر »﴾[1]

2 ـ ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخلىرى بولمىغان بوز يەر يامغۇر چۈشۈشى بىلەنلا ھەرىكەتلىنىپ يېشىللىق توسىگە كىرىدۇ. تاشلاندۇق بوز يەرنى تىرىلدۈرەلىگەن زات، ئەلۋەتتە ئۆلۈكلەرنى قايتا ھاياتلىققا كەلتۈرۈشكە قادىردۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمِنْ ءَايَـٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَـٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ ۚ إِنَّ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاهَا لَمُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰٓ ۚ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(بۇمۇ) الله نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾[2]

[1] ياسىن سۈرىسى 79 ـ ئايەت.
[2] فۇسسلەت سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَنَزَّلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً مُّبَٰرَكًا فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ جَنَّٰتٍ وَحَبَّ ٱلْحَصِيدِ ﴿٩﴾ وَٱلنَّخْلَ بَاسِقَٰتٍ لَّهَا طَلْعٌ نَّضِيدٌ ﴿١٠﴾ رِّزْقًا لِّلْعِبَادِ ۖ وَأَحْيَيْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ ٱلْخُرُوجُ ﴿١١﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.﴾[1]

توغرا يولدىن ئازغان، ھەقىقەتتىن تانغان بەزى بىر تۈركۈم كىشىلەر قەبرى ئازابى ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر ـ گەرچە بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە مۇمكىن ئەمەس دەپ، ئەگەر مېيىت قويۇلغان قەبىر ئېچىپ كۆرۈلسە ئۆز ھالىتىدە قەبرىنىڭ كەڭ تارلىقى نە كەڭرىيىدۇ ياكى تارىيىدۇ، دېگەن سەپسەتىلەر بىلەن ئىنكار قىلىدۇ.

[1] قاف سۈرىسى 9—11 ـ ئايەتلەر.

بــۇ گــۇمانى كــۆز قاراشــلار ئەمەلىيەتتــە شــەرئەت ۋە ئەقىلنىڭ ئىسپاتلىشى بىلەن باتىلدۇر.

شەرئەتنىڭ ئىسپاتى: قەبىر ئازابى ۋە نېمەتلىرىنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى، قەبىر ئازابى ۋە نېمەتلىرى ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش دائىرىسىگە كىرىدۇ، دېگەن ماۋزۇنىڭ «2 ـ» بۆلۈمدە بايان قىلىندى.

سەھىھۇل بۇخارىدا، ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ:

«خرج النبي ـ صلى الله علية وسلعم ـ مع بعض حيطانة المدنية، فسمع صوت انسانين يعذبان في قبورهما»

تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە باغلىرىدىن بىرىگە چىققىنىدا، قەبرىلىرىدە ئازابلىنىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«أمَّا أَحَدُهمَا ، فَكَانَ يمشِي بالنَّمِيمَةِ، وأمَّا الآخرُ فكَانَ لا يستَتِرُ مِنْ بولِه»

تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ بىرى كىچىك تەرەتتىن، يەنە بىر رىۋايەتتە سۈيدۈكنىڭ چاچىراپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرى كىشىلەر ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىشتىن ساقلانمايتتى» دېدى».

ئەمەلىيەتتە شۇبھىسىزكى، ئۇيقىدىكى ئادەم چۈشىدە ئۆزىنى راھەت ـ بەخش ئېتىدىغان كەڭرى كەتكەن نېمەتلىك ۋە ياكى تار قورقۇنچلۇق جايلاردا كۆرىدۇ ۋە گاھىدا كۆرگەن چۈشىدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئويغانغاندا بولسا، ئۆيىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ياتقان بولىدۇ. ئۇيقۇ بولسا، ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ”ۋاپات“ دەپ ئاتىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ فَيُمۡسِكُ ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٤٢ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ.﴾[1]

[1] زۇمەر سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئــەمما ئــەقلى ئىسپــاتى ئۇيقــدىكى ئــادەم چۈشــىدە ھەقىقەتكــە، رىئاللىققا ئۇيغۇن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. گاھىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۆز سۈپەتلىرى بىلەن كۆرىدۇ. كىمكــى پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنى ئــۆز سۈپــتى بىلــەن چۈشــىدە كۆرســە، پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنى ھــەقىقى كۆرگــەن بولــدۇ. ئــەمما ئۇخلىغــۇچى كۆرگــەن نەرســىلەردىن ناھــايىتى يىــراق، ئــۆز ياتــاق ئۆيــدە كۆرپىلىرىگــە ئــورنىپ ياتقــان بولــدۇ. ئەگــەر بــۇ دۇنيــا ئىشــلىرىدا مــۇمكىن ئىكەنــۇ قانداقمۇ ئاخىرەتتىكى ئىشلاردا مۇمكىن ـ بولمىسۇن؟!

ئەمما يۇقىرىدىكى باتىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ، ئەگــەر مېيىــت قويــۇلغان قــەبرە ئېچىپ كۆرۈلســە قــەبرىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى ۋە قـــەبرىنىڭ كـــەڭ تارلىقـــىدا ھـــېچ قانـــداق ئۆزگـــىرىش بولمىغانلارغــا ئائىــت گــۇمانلىرىغا ھــەر خىــل جــاۋابلارنى بېرىش مۇمكىن.

**1** ـ شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يۇقىرىقــدەك خۇنــۇك شــۈبھىلەر بىلــەن قــاراش جــائىز ئەمەستۇر. ئەگــەر ھەقىقــەت بىلــەن قارشىلاشقۇچى، شــەرىئەت ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسە ئىدى. بۇ شۈبھىلەرنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن بولاتتى. بىر شائىرنىڭ ئېيتقىنىدەك:

«و كم من عاب قولا صحيحا وآفتة من الفهم السقيم»

يۇقىرىدىكى شېئىرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى:

«تـوغرى سـۆزنى ئەيىبلايـدىغان قـانچىلاپ ئادەملـەر باركى، ئۇ تـوغرا سـۆزنىڭ ئاپـتى بولسـا، ئۇنى نـا تـوغرا چۈشۈنىشتۇر».

2 ـ جـاۋاب ـ بـەرزەخ هايـاتى (مېيىـت يەرلىككـە قويۇلغاندىن تا قىيامەت قايىم بولغىچە قەدەر بولغان هايات) بولسا ئەمەلىيەتتـە كۆرۈۋالغىلى بولمايـدىغان ئىشلاردىندۇر. ئەگـەر ئـۇنى ئەمەلىيەتتـە بىلـىش مـۇمكىن بولسـا ئـىدى، غەيىبگـە ئىمـان كەلتۈرۈشـنىڭ پايدىسـى يوقـقـا چىققـان ۋە غەيىبگـە ئىمـان كەلتۈرگـەنلەر ۋە كەلتۈرمىگـەنلەر بـاراۋەر بولغان بولاتتى.

3 ـ جـاۋاب شۈبھىسـىزكى، قـەبىر ئازابى ۋە ئۇنىڭـدىكى نېمـەت ۋە قـەبرىنىڭ كـەڭ تـارلىقىنى مېيىتنىـڭ ئـۆزىلا هېس قىلىـدۇ. خـۇددى ئۇيقـىدىكى ئـادەم چۈشـىدە ئـۆزىنى تـار ۋە قورقۇنچلۇق ۋە ياكى كەڭرى ۋە راھەتلىك جايدا ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدەك، دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆز ياتــاق ئۆيـــدە كۆرپىسـگــە ئــورىنىپ ئــۇخلىغان هــالىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام سـاهابىلىرى بىلـەن بىرگـە تــۇرغان ۋاقىتلىرىدىمــۇ ۋەهيـــى نازىـــل بولاتتـــى. ۋەهيـــى پـــەيغەمبەر ئەلەيھىســـالامغا ئـــاڭلىتىلىپ، ساهابىلەرگـــە ئاڭلىتىلمـاس ئـىدى. پەرىشـتە گـاهىدا ئىنسـان شـەكلىدە نامايـەن بولـۇپ پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا سـۆزلەيتتى.

ساھابىلەر بولسا، پەرىشتىنى كۆرمەيتتى ۋە ئۇنىڭ دىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمايتتى.

4 ـ جاۋاب ھەقىقەتتە، مەخلۇقلارنىڭ شەيئىلەرنى ئىدراك قىلىشى ئاللاھ تائالا بەرگەن ئىمكانىيەت بىلەن چەكلەنگەن. ئۇلار بارچە مەۋجۇداتلارنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. يەتتە قەۋەت ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلار، ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ھەمدۇ ـ سانالارنى ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاڭلىتىدۇ. شۇنداق بولۇش بىلەن بىرگە بۇ نەرسىلەر بىز ئىنسانلارنىڭ ئىدراك قىلىشىدىن پەردىلەنگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَـٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۗ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤٤﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر

(تىلىــڭلار ئوخشــاش بولمىغــانلىقى ئوچــۈن) ئــۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر.﴾[1]

شــۇنىڭغا ئوخشــىغان جىــن ۋە شــەيتانلارمۇ زېمىنــدا سەيرە قىلىــپ ئــۇياقتىن بــۇياققا بېرىــپ ـ كېلىــپ يۈرىــدۇ. جىــنلاردىن بىــر قانچىســى پــەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتىنى كــۆڭۈل قويــۇپ ئاڭلىغانــدىن كېيــىن ئــۆز جەمائەسىگــە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولــۇپ قــايتتى. ئــۇلارنى چۈشىنىشىمۇ بىــز ئىنسانلاردىن سىر تۇتۇلغان.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٧﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق.﴾[1]

مەخلۇقلار كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىلىشكە قۇربىتى يەتمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ بىلەلمىگەن، ئىسپاتلانغان غەيبىي ئىشلارنى ئىنكار قىلىشى جائىز بولمايدۇ.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

## الله نىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

قەدەر بولسا: ئاللاھ تائالا نىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، پۈتۈن كائىناتقا قويغان ئۆلچىمىدۇر.

قەدەر (تەقدىر) گە ئىشىنىش مۇنداق تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئەبەدىيگىچە مەيلى ئۇ زاتىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئەمەللەر ۋە ياكى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىغا تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسىلەرنى ئومۇمىي ۋە تەپسىلىي سۈرەتتە بىلىدۇ، دەپ ئىشىنىش.

2 ـ ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتتىكى نەرسىلەرنى **"اللوح المحفوظ"** لەۋھولمەھپۇزغا يازغانلىقىغا ئىشىنىش، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئىككى نەرسە ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۗ إِنَّ ذَٰلِكَ فِي كِتَٰبٍ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٧٠﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىلمەمسەنكى، الله ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن الله غا ئاسان.﴾[1]

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«كتب الله مقادير الخلائق قبل أن يخلق السموات والارض بخمسين الف سنة»

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى، ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يازغان.

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئىلاھىيىتىگە خاس ئىشلار بولسۇن ۋە ياكى مەخلۇقلارنىڭ ئىشلىرىغا تەئەللۇق بولسۇن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەر الله نىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئەمەللەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخْتَارُ ﴾

[1] ھەج سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

تەرجىمىسى: ﴿الله (مەخلۇقاتتىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَفۡعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.﴾[2]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ كَيۡفَ يَشَآءُ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ.﴾[3]

الله مەخلۇقاتلارنىڭ ئەمەللىرىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَسَلَّطَهُمۡ عَلَيۡكُمۡ فَلَقَٰتَلُوكُمۡۚ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەللەت قىلاتتى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى،

[1] قەسەس سۈرىسى 68 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىبراھىم سۈرىسى 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى الله ئۇلارنى كۈچلۈك قىلىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلاتتى).﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ ۖ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١١٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە ـ مىكرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (الله ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ).﴾[2]

4 ـ كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتلار زاتى سۈپەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن الله نىڭ مەخلۇقلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَىْءٍ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿٦٢﴾ ﴾

---

(1) نىسا سۈرىسى 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەرجىمىسى: ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾.[1]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُۥ تَقْدِيرًا ۝٢ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.﴾[2]

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ ۝٩٦ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر.﴾[3]

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تەقدىرگە ئىشىنىش، بەندىگە ئىختىيارلىق بېرىلگەن نەرسىلەردە ئۆز ئىرادىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلالىشىغا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

[1] زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] فۇرقان سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سافقات سۈرىسى 96 ـ ئايەت.

چۈنكى شەرىئەت ۋە رىئاللىق ئۇنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ پاكىتى: ئاللاھ تائالا ئىرادە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ﴿٣٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿كىمكى (ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەل بىلەن) پەرۋەردىگارىغا قايتىدىغان يولنى تۇتۇشنى خالىسا (تۇتسۇن).﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَأۡتُواْ حَرۡثَكُمۡ أَنَّىٰ شِئۡتُمۡۖ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئېيىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېيىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار.﴾[2]

ئاللاھ تائالا كۈچ قۇدرەت ۋە قابىلىيەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ وَٱسۡمَعُواْ ﴾

---

[1] نەبە سۈرىسى 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بەقەرە سۈرىسى 223 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەرجىمىسى: ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَهَا مَا كَسَبَتْ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر.﴾[2]

ئەمما رېئاللىقنىڭ ئىسپاتى: شۈبھىسىزكى، ھەر بىر ئىنسان، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر ئىشنى تەرك ئېتىش ۋە قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان مېڭىشقا ئوخشىغان ھەرىكەتلەر ۋە ئىنساننىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى بولىدىغان تىترەككە ئوخشىغان نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بىلىدۇ. لېكىن بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە قابىلىيىتى بولسا الله نىڭ خاھىشى ۋە قۇدرىتى بىلەن سادىر بولىدۇ:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] تەغابۇن سۈرىسى 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بەقەرە سۈرىسى 276 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ لِمَن شَآءَ مِنكُمۡ أَن يَسۡتَقِيمَ ﴿٢٨﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ هېچ پايدىسى يوق).﴾[1]

چۈنكى، ئومۇمىي مەۋجۇدىيەت الله نىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىرادە ۋە بىلىشىدىن سىرتىدا بولمايدۇ. تەقدىرگە ئىشىنىشتىن ھەرگىزمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بەندىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە زورلۇق قىلىش دەپ قارالغان ئەمەللەرنى تەرك قىلىش ۋە ياكى خالىغان گۇناھلارنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ، دېگەنلىك كېلىپ چىقمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىر توغرىسىدىكى ھەقىقەتكە ئېتىراز قىلغۇچىلارنىڭ نارازىلىقى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن باتىلدۇر.

1 ـ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلدى:

---

[1] سۈرە تەكۋىر 28 — 29 ـ ئايەتلەر.

﴿ سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكۡنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأۡسَنَاۗ قُلۡ هَلۡ عِندَكُم مِّنۡ عِلۡمٖ فَتُخۡرِجُوهُ لَنَآۖ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَخۡرُصُونَ ١٤٨ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۇرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، الله غا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر».﴾[1]

[1] سۈرە ئەنئام 148 - ئايەت.

ئەگەر ئۇلار ئۇچۇن تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك پاكىت بولسا ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئازابىنى تېتىتمىغان بولاتتى.

2 ـ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ رُّسُلًا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ١٦٥ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

ئەگەر تەقدىر الله نىڭ ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇچۇن يېتەرلىك پاكىت بولالىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق رەت قىلىنمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەندىن كېيىنكى قارشىلىقمۇ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن سادىر بولىدۇ.

[1] نىسا سۈرىسى 165 ـ ئايەت.

3 ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ما مِنكُمْ مِنْ أَحَدٍ إلاَّ وَقَدْ كُتِبَ مقْعَدُهُ مِنَ النَّارِ ومَقْعَدُهُ مِنَ الجَنَّة» فقالوا: يا رَسُولَ اللَّهِ أَفَلاَ نَتَّكِلُ على كتابنَا؟ فقال: «اعْمَلُوا، فَكُلٌّ مُيَسَّرٌ لِمَا خُلِقَ لَهُ»

تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ دوزاخ ۋە ياكى جەننەتتىكى ئورنى تەقدىرى يېزىپ قويۇلغان». ساھابىلەردىن بىرىسى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، شۇنىلا ساقلاپ تۇرمامدۇق؟ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئەمەل قىلىڭلار، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىغا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» دېدى. دەپ بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

﴿ فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(پۇل ـ مېلىنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان﴾.

يۇقىرىدىكى ھەدىس ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«فكل ميسر لما خلق له»

تەرجىمىسى: «ھەممە ئىنسانغا قىلىدىغان ئىشلىرى قولايلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇپ، تەقدىرنى كۆتۈپ ئولتۇرۇشتىن چەكلىدى.

4 ـ ئاللاھ تائالا بەندىنى توسىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾

﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ﴾

﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.﴾[2]

ئەگەر بەندە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاقىتى يەتمەيدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرى قىلىنغان بولسا، ئادا قىلىشقا تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنغان

[1] تەغابۇن سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولاتتى. بۇ باتىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلمەستىن ۋە ياكى ئۇنتۇپ ۋە ياكى مەجبۇرلانغان ھالەتلەردە سادىر بولغان گۇناھلىرى ئۈچۈن بەندە ئۆزرىلىكتۇر.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى سىر بولۇپ، تەقدىردە يېزىلغان نەرسە سادىر بولغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. بەندە قىلماقچى بولغان نەرسىنى خالىشى شۇ نەرسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى سادىر بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ئىرادە قىلىشى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىنى بىلىشكە ئاساسلانغانلىقى ئەمەستۇر. بىر ئادەمنىڭ بىلمىگەن نەرسىنى ئىسپات قىلىپ كۆرستەلمىگىنىدەك، ئۇنىڭ تەقدىرنى پاكىت دەپ قارىشى ئىنكار قىلىنىدۇ.

6 ـ ھەقىقەتتەن، بىز ئىنسانىنىڭ ئۆزى ياقتۇرغان دۇنيا ئىشلىرىغا ئېرىشكىنىگە قەدەر ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى ۋە ياقتۇرمىغان نەرسىلەرگە ئىنتىلمەسلىكى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىنتىلمەسلىكىگە تەقدىرنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتكىنىنى كۆرىمىز. ئۇ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك بولغان دىنىي ئىشلىرنى تاشلاپ، زىيانلىق بولغان دۇنيا پەرەسلىككە ئىنتىلگەن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن تەقدىرنى ئىسپات قىلىدۇ؟ بۇ ئىككى ئىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!

تېخىمۇ ئوچۇقراق بولۇشى ئۈچۈن سىزگە تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرۈمىز: پەرەز قىلايلۇقكى، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بولۇپ، ئۇ ئىككى يولنىڭ بىرى باشباشتاقلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق قورقۇنچلۇق

تەرەپكە ئېلىپ بارسا، ئىككىنچىسى خاتىرجەملىك، باياشات تۇرمۇش، ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى، مال ـ مۈلۈكىنى هىمايە قىلغان ئاساستا هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر شەهەرگە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئۇ ئىككى يولدىن قايسىسىغا ماڭىدۇ؟

شۈبهىسىزكى، ئۇ ئىككىنچى يولغا، يەنى قانۇن ۋە خاتىرجەملىك بار شەهەرنىڭ يولىغا راۋان بولىدۇ. هەر قانداق ئەقىللىق بىر ئادەم قالايمىقانچىلىك ۋە خەيىم ـ خەتەر قاپلىغان شەهەر تەرەپكە مېڭىشى ۋە بۇنىڭغا تەقدىرنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق بولمىغانىكەن ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئاخىرەت ئىشلىرىدا جەننەتنىڭ يولىنى قويۇپ، جەهەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، ئۇ ماڭغان يولغا تەقدىرنى هۆججەت قىلىدۇ؟

ئىككىنچى مىسال: كېسەل دورا ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ، كۆڭلى تارتماي تورۇقلۇق ئىستىمال قىلىدۇ. زىيان قىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن چەكلىنىدۇ. ئۇنى كۆڭلى تارتىپ تۇرۇقلۇق تەرك قىلىدۇ. يۇقىرىدىكىنىڭ هەممىسى سالامەتلىك ۋە كېسەلدىن ساقىيىشنى ئۈمىد قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ تەقدىرنى هۆججەت قىلىپ تۇرۇپ، چەكلەنگەن تائاملارنى يېيىشى ۋە دورىلارنى ئىستىمال قىلىشتىن باش تارتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئىنسان تەقدىرنى ئىسپات قىلىپ تۇرۇپ ئاللاه

تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرىغان نەرسىلەرنى تەرك قىلدۇ ۋە ياكى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلدۇ؟

7 ـ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇغان ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش ۋە ياكى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا تەقدىرنى ھۆججەت قىلىۋاتقان كىشىگە، ئەگەر بىرەر كىشى ئۆكتەملىك قىلىپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىپ ياكى ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تۆكۈپ ئاندىن كېيىن ھۆججەت قىلىپ، مېنى ئەيىبلىمە! ئەمەلىيەتتە مېنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىم، الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دېسە. ئۇنىڭ ھۆججەت قىلىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ؟! ئۇنداق ئىكەن قانداقمۇ تەقدىرنى ئۆزى ئۈچۈن ھۆججەت قىلىپ، الله نىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ؟!

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەمىرۇل مۇئمىنىين ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا ئوغرىلىق قىلغان بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلغان. ئوغرى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئالدىرىمىسىلا، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ تەقدىرى بىلەن ئوغرىلىق قىلدىمغۇ؟ دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: بىزمۇ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن قولۇڭنى كېسىمىز، دېگەن.

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر:

1 ـ ھەر قانداق ئىشتا سەۋەبلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرگە الله غا تايىنىش، يالغۇز سەۋەبكىلا ئۈمىد

باغلىماسلىق، چۈنكى ھەممە نەرسە الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

2 ـ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرگەن شەخس مۇرادى ھاسىل بولغان چاغدا ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېرىشىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ياخشى سەۋەبلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى ئىرادە قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن الله نىڭ نېمىتىدىندۇر.

3 ـ خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىشىۋاتقان ئىرادىسىدىن روھىي لەززەت ئېلىش. سۆيۈملۈك نەرسىنىڭ يوقىلىشى ۋە ياكى يامان كۆرىدىغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن ئەنسىزلەشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ زېمىن ۋە ئاسمانلار ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئاللاھ تائالا نىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان، ئۇ زات مەۋجۇت ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِى كِتَـٰبٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾ لِّكَيْلَا تَأْسَوْا۟ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا۟ بِمَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴿٢٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، الله غا ئاساندۇر. (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، الله مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«عَجَباً لأمْرِ الْمُؤْمِنِ إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ لَهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَلِكَ لِأَحَدٍ إِلاَّ للْمُؤْمِنِ: إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ فَكَانَ خَيْراً لَهُ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ صَبَرَ فَكَانَ خَيْراً لَهُ»

تەرجىمىسى: «مۆمىننىڭ ئىشى ئەجەبلىنەرلىك! ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈلپەت يەتسە سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

تەقدىر مەسىلىسىدە ئازغان ئىككى گۇرۇھ:

1 - "ئەلجەبرىييە" گۇرۇھى: ئۇلار، بەندە ئۆز ئەمەللىرىنى قىلىشتا مەجبۇرلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز

[1] ھەدىد سۈرىسى 22 – 23 - ئايەتلەر.

ئىشلىرىدا ئىختىيارلىقتا ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2 ــ "ئەلقەدەرىييە" گۇرۇھى: ئۇلار، بەندە ئۆز ئىشلىرىنى بىجىرىشتە، ئىختىيار ۋە قابىلىيەت بىلەن مۇستەقىلدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرىدا الله نىڭ ئىرادە ۋە قۇدرىتىنىڭ ئەسىرىمۇ يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

بىرىنچى ئەقىدىدىكى "ئەلجەبرىييە" گۇرۇھىغا شەرىئەت ۋە رېئاللىق بىلەن تۆۋەندىكىدەك رەددىيە بېرىدۇ:

شەرىئەت رەددىيەسىنىڭ: ئاللاھ تائالا بەندە ئۈچۈن ئىرادە ۋە ئىختىيارى مۇقەررەرلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئەمەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلدُّنۡيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلۡأٓخِرَةَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ وَقُلِ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَن شَآءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَآءَ فَلْيَكْفُرْ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ۚ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَا ۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٤٦﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.﴾[2]

ئەمما رىئاللىقنىڭ رەددىيەسى: ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆز خاھىشى بىلەن قىلغان يېمەك ـ ئىچەك، ئېلىم ـ بېرىم

---

[1] كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

ئىشلىرىغا ئوخشاش قىزىتمىدىن بولىدىغان تىترەك، ئېگىزلىكتىن يىقىلغاندىكى يارىلىنىشقا ئوخشاش ئۆز ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىدۇ. يەنى بىرىنچى ھالەتتە ئۇ بۇ ئىشنى ئىختىيار قىلىشنى خالىمىغان تۇرۇقلۇق سادىر بولغان.

ئىككىنچى خىل ئەقىدىدىكى (ئەلقەدەرىييە) گۇرۇھىغا شەرىئەت ۋە ئەقلى دەلىللەر بىلەن رەددىيە بېرىلىدۇ:

شەرىئەتنىڭ رەددىيەسى: شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ خاھىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە، بەندىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ئۇ زاتنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلَ ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعۡدِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ وَلَٰكِنِ ٱخۡتَلَفُواْ فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ وَمِنۡهُم مَّن كَفَرَۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلُواْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ٢٥٣ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن

كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەرالله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.﴾[1]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوْ شِئْنَا لَأَتَيْنَا كُلَّ نَفْسٍ هُدَىٰهَا وَلَٰكِنْ حَقَّ ٱلْقَوْلُ مِنِّى لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١٣﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ھەر بىر كىشىگە ئەلۋەتتە ھىدايەت بېرەتتۇق، لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىپ كەتتى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) ـــ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن.﴾[2]

ئەمما ئەقلى رەددىيە: شۈبھىسىزكى پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر (يەنى الله نىڭ قولىدىدۇر). ئىنسان بولسا مەۋجۇداتلارنىڭ بىرى بولۇشى بىلەن بىرگە الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر. ئىگىدارچىلىق قىلىنغۇچى ۋە مۈلۈكدارنىڭ تەسەررۇپى

[1] بەقەرە سۈرىسى 253 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سەجدە سۈرىسى 13 - ئايەت.

ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ئاللاھتىن باشقىنىڭ نېرى - بېرى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

## ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نىشانلىرى

"نىشان" دېگەن بۇ سۆزنىڭ نەچچە خىل مەنىسى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى: (ئىنتىلىش ئۇچۇن غەرەزلەنگەن ۋە مەقسەت قىلىنغان پۈتۈن نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ)

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نىشانلىرى: ئۇنىڭ مەقسەت ۋە بۈيۈك، ئالىيجاناپ غايىلىرى ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىشنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. بۇ مەقسەت غايىلەر كۆپ ۋە ھەر خىل بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى: نىيەت ۋە ئىبادەتتە يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا سەمىمىي بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئۇ زات شېرىكى بولمىغان زاتتۇر، شۇڭا نىيەت ۋە ئىبادەت - پائالىيەتلەرى يالغۇز ئۇ زاتنىڭ ئۆزىگىلا بولۇشى پەرزدۇر.

ئىككىنچى: قەلبنىڭ بۇ بۈيۈك ئەقىدىدىن خالىي بولۇش سەۋەبى بىلەن قالىغۇلارچە ئاڭ بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەقىل ۋە پىكرىنى ئازاد قىلىش. چۈنكى، كىمنىڭ قەلبى ئىسلام ئەقىدىسىدىن خالىي بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈن ئەقىدىلەردىن قۇرۇق بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ پەقەت ماددىي نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ياكى ئازغۇن ۋە خۇراپىي ئەقىدىلەرگە قالىغۇلارچە ئېتىقاد قىلغۇچى.

ئۈچىنچى: پىكىر ۋە روھنىڭ ساغلام بولۇشى: ئىنسان روھىدا ئەنسىزلىك ۋە پىكىردە تۇراقسىزلىقنىڭ ئالدىنى

ئالىدۇ. چۈنكى ساغلام ئەقىدە مۆمىننى ياراتقۇچىسى ئاللاھقا باغلايدۇ. ئۇ زاتنىڭ ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچى رەب، ئەڭ ئادىل قانۇن تۈزگۈچى ھۆكۈمران ئىكەنلىكىگە رازى بولىدۇ. الله نىڭ تەقدىرى بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ. الله ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامنى سۆيۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۇ ئىسلامدىن باشقىنى خالىمايدۇ.

تۆتىنچى: ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە ۋە ياكى مەخلۇقلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئەمەلنىڭ توغرا، نىيەتنىڭ ساغلام بولۇشى. چۈنكى، نىيەت ۋە ئەمەلدە ساغلام يولغا ئەگىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئاساسلىرىدىندۇر.

بەشىنچى: ئىشلاردا قەتئىيلىك ۋە جىددىيلىك بولۇش بىلەن بىرگە، مۆمىن ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ الله دىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ئاساستا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. الله نىڭ جازاسىدىن قورقۇپ گۇناھ سادىر بولىدىغان جايلارغا يېقىنلاشمايدۇ. چۈنكى، قىلمىشلارغا جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىشى، قايتا تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُواْۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ ١٣٢ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غايىگە تۈۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن رىغبەتلەندۈردى:

«المُؤمِن الْقَوِيُّ خيرٌ وَأَحبُّ إِلى اللَّهِ مِنَ المُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وفي كُلٍّ خيْرٌ. احْرِصْ عَلَى مَا ينْفَعُكَ، واسْتَعِنْ بِاللَّهِ وَلاَ تَعْجَزْ. وإنْ أصابَك شيءٌ فلاَ تقلْ: لَوْ أَنِّي فَعلْتُ كانَ كَذَا وَكذَا، وَلَكِنْ قُلْ: قدَّرَ اللَّهُ، ومَا شَاءَ فَعلَ، فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَان»

تەرجىمىسى: ﴿كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھ تائالاغا سۆيۈملۈكرەكتۇر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە خەيرلىك بار، ئۆزەڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆل ۋە الله دىن ياردەم سورىغىن، ئاجىزلىق قىلما، ئەگەر بىرەر مۇسىبەت يەتسە؛ ئەگەر مەن مۇنداق قىلغان بولسام، ئانداق بولاتتى، دېمەستىن، بەلكى بۇ الله نىڭ تەقدىرى ۋە خاھىشى بىلەن بولدى، دېگىن. شۈبھىسىزكى، «ئەگەر» سۆزى شەيتاننىڭ قىلمىشىغا يول ئاچىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ئالتىنچى: ئۆز دىنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى تېخىمۇ بەك مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز

[1] ئەنئام سۈرىسى 132 - ئايەت.

تەسەررۇپاتىدىكى نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىدىغان ۋە بۇ جەرياندا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە ئېتىبار بەرمەيدىغان قۇدرەتلىك بىر ئۇممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا۟ وَجَـٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّـٰدِقُونَ ﴿١٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆمىنلەر الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.﴾[1]

يەتتىنچى: شەخس ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە، الله نىڭ ساۋاب ۋە ئېھتىراملىرىغا ئېرىشىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

﴿ مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً ۖ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٧﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.﴾[1]

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بەزى نىشانلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن بۇ مەقسەت نىشانلارنى بىز ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۇچۇن رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

---

[1] نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.